# چوڭ شاھمات تاختىسىدىكى قىسمەتلەر

نەبىجان تۇرسۇن
تارىخ پەنلىرى دوكتورى

## 1-بۆلۈم

ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيادىن خىلۋەت قالغان قەدىمىي دىيارى خوتەننىڭ قاراڭغۇ مەدرىسلىرىدە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ غۇۋا نۇر چۈشۈپ تۇرىدىغان تۆكلۈكلىرىدىن ئىنسانىيەتنىڭ ئۆتمۈشتىكى قەھرىمانلارلىق مۇساپىلىرىنى كۆرۈش بىلەن تەپەككۇر قايىنىمىغا چۆمۈپ، باتۇرلارنىڭ جەڭ ئارغىماقلىرىنى ئۆز ۋەتىنىدە قايتىدىن چاڭ چىقارغۇسى كەلگەن م.ئى. بۇغرا بۇنىڭدىن 60 نەچچە يىل مۇقەددەم قېرىنداشلىرىغا قارىغاندا بالدۇرراق ئۆز ئانا تۇپرىقى - ئۇيغۇر ئېلىنىڭ چوڭ شاھمات تاختىسى ئىكەنلىكىنى سېزىۋالغان ئىدى. ئۇ، مىللىتىنىڭ تەقدىرىنىڭ پاجىئەلىك بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەبلەر ھەققىدە يەنىلا بالدۇرراق چۈشەنچە ھاسىل قىلغان ئەرباپ بولۇش سۈپىتى بىلەن تەلەيسىزلىكلەرنى ئالدى بىلەن جۇغراپىيىۋى مۇھىتتىن كېلىپ چىقىدىغان جۇغراپىيىۋى سىياسەت بىلەن باغلاپ مۇنداق خۇلاسىلايدۇ :

"ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تۆت ئەتراپىنىڭ دۇنيانىڭ ئەڭ ئېگىز تاغلىرى بىلەن ۋە ئەڭ يامان چۆللىرى بىلەن ئورالغانلىقى ھەم ھېچ بىر تەرىپى دېڭىزغا يېقىن ئەمەسلىكى، قۇرۇغلۇقتىمۇ مەدەنىي مەملىكەتلەردىن بەك يىراقتا ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ جۇغراپىيىلىك تەلەيسىزلىكلىكى ۋە كۈچلۈك دۈشمەنىنىڭ ئاچكۆز ۋە تاماخور ئاغزىغا بەك يېقىن بولغانلىقى يۇقىرىقى كۆز قاراشنى قۇۋۋەتلەيدۇ"(1)

ئامېرىكىنىڭ ئاتاقلىق ئىستراتېگىيىسىچىسى، سوۋېت ئىتتىپاقىنى يىمىرىپ تاشلاشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك تەپەككۇر ئاساسىنى ياراتقۇچى ۋە كۈچەيتكۈچى زبىگنېۋ برىزېنسكىي ئۆزىنىڭ "چوڭ شاھمات تاختىسى" ناملىق مەشھۇر كىتابىدىكى دۇنياۋى ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئەتلەرنىڭ توقۇنۇش نۇقتىلىرىدىن ھېسابلىنىدىغان توچكىلار قاتارىدا ئۇيغۇر دىيارىنىمۇ تىزغان يەنى ئۇ ئۇيغۇر تۇپراقلىرىنىڭ چوڭ ئويۇنلار ئوينىلىدىغان شاھمات تاختىسىدىكى ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ئىدى(2)

ئۇيغۇرلارنىڭ 19-20-ئەسىرلەردىكى مىللىي ئىستىقلال قوزغىلاڭلىرى تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچراش بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سىياسىي تەقدىرى پاجىئەلەرگە گىرىپتار بولدى. ئۆز ئازادلىقىنى ئۆز قولىدا تۇتۇش مۇمكىنچىلىكىدىن ئايرىلىپ قالغان بىر خەلقنىڭ سىياسىي جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي-ئىقتىساد ۋە باشقا ھەممە ساھەلەر بويىچە جاھالەت زەنجىرلىرى بىلەن كىشەنلىنىپ، ئۇلارنىڭ مىللىي كىملىكى ۋە مىللىي مەۋجۇدىيىتىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىش ھەتتا تارىخ سەھىپىسىدىن ئۆچۈرۈلۈش تەھدىتىگە دۇچ كېلىشى مۇقەررەر. ئۇيغۇر سىياسىي پاجىئەسىنىڭ تارىخىي تەسۋىرى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى ھەم ساۋاقلىرىنى يورۇتۇش ناھايىتى زور ئەمگەك تەلەپ قىلىدىغان ئىلمىي خىزمەت

بولۇشغا قارىماي، دەسلەپكى ئابستراكتلاشتۇرۇلغان تەپەككۇرلەرنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىگە تاشلىدىم .

### 1.قەشقەرىيىنىڭ يىقىلىشى ـ پاجىئەنىڭ باشلىنىشى

ئۇيغۇر دىيارى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق چوڭ شاھمات تاختىسى بولغان ئىدى.چۈنكى، ئۇنىڭ جەنۇبىي قوشنىلىرى ئۇلۇغ بىرىتانىيىنىڭ خەرىتىسىگە كىرگەن بولسا، غەربىي ۋە شىمالىي تەرەپلىرىدە چار رۇسىيىنىڭ كازاك سولداتلىرىنىڭ ئايغىماقلىرى كىشنەپ، رۇسلار ئىلى ۋادىلىرىغا قەدەم قويغان ئىدى. بۇلاردىن ئىلگىرىرەك مەركىزى زېمىنگە يەتىپ كەلگەن مانجۇ خاندانلىقى شەرقنىڭ "كېسەل كۆرپىسى" سۈپىتىدە مەركىزى چوڭ ئويۇنغا ئىشتىراك قىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا پاسسىپ رول ئوينىدى. گەرچە، ئوسمانلى ئىمپەرىيىسى ئۆزىنىڭ ئاجىزلىشىپ، بۇرۇنقى جەڭگىۋارلىقى ۋە سەلتەنەتىنى يوقىتىشقا قاراپ يۈزلەنگەن بولۇشغا قارىماي، يەنىلا مەركىزى چوڭ ئويۇندىن ئۆز نېسىۋىسىنى ئالدى. ئۆز قېرىنداشلىرى ھېسابلانغان ئۇيغۇرلار بىلەن بىۋاستە چېگرىلىنىشتىن مەھرۇم قالغان ۋە ياكى بۇنىڭغا ئىنتىلمىگەن ئوسمانلى ئىمپېراتورلىرى ياقۇپ بەگ بىلەن يوشۇرۇن مۇناسىۋەتلەرنى ئورنىتىپ، رەقىپلىرى بىرىتانىيە بىلەن چار رۇسىيىنىڭ غەزىپىنى قوزغاشتىن ئېھتىيات قىلىشىدىن قەتئىي نەزەر ئۆزلىرىدىن ئۈمىد كۈتكەن ۋە ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئۆزلىرىگە يۈكلىگەن قەشقەرىيە دۆلىتىنى يەنىلا ھامىلىق ئاستىغا ئالدى. ياقۇپ بەگ دادىللىق بىلەن ئۆزىنى سۇلتان ئابدۇل ئەزىزگە تەۋە دەپ ئېلان قىلىش بىلەن ئۇنىڭ نامىغا ئاتاپ پۇل قۇيدى .

گەرچە، بۇ جايدىكى مەنچىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قوزغىلاڭلىرىنىڭ زەربىلىرى ئاستىدا گۇمران بولسىمۇ، لېكىن رۇسىيە ـ بىرىتانىيە دىپلوماتىك ئويۇنلىرى ئوسمانلىلارنى بىر چەتكە قايرىۋېتىپ،" خۇددى ساڭمۇ يوق ، ماڭمۇ يوق" دېگەندەك ئاخىرقى ھېسابتا بۇ تۇپراقلارغا مەنچىڭ ئەسكەرلىرىنى قايتىدىن باشلاپ كەلدى. بەلكى، ئاسىيانىڭ خەستىلەنگەن مەركىزى يۈرىكى ـ شەرقىي تۈركىستاندا يېقىنقى ئەسىرلەردە ھېچكىممۇ ساۋاتسىز ياقۇپ بەگدەك ماھىرلىق بىلەن دىپلوماتىك ئويۇن ئويناپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن. سۇلھىگە ماھىر بەدۆلەت ئۆزىنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتىدىن چىقىش قىلىپ، ئۇلۇغ بىرىتانىيە، چار رۇسىيە، ئوسمانلى ۋە مەنچىڭ ئىمپېرىيىلىرى بىلەن بىر مەيدان دىپلوماتىك سېھىرگەرلىك ئويۇنى ئويناپ باقتى. ئۇ، بىر تەرەپتىن ئۆز ئەلچىلىرىنى سانكتپېتېربۇرگقا ماڭدۇرۇپ، رۇس ئىمپېراتورى بىلەن ئىتتىپاقداش بولۇشقا رازىلىق بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنگلىزلارغىمۇ ئوخشاش خىلدىكى ئادەملىرىنى ئەۋەتىپ، ئۇلار بىلەن سودا كېلىشىمى تۈزۈش يولى بىلەن غەيرى رەسمى مۇناسىۋەت ئورناتتى. ئىنگلىز ، رۇس رازۋېتچىكلىرى قەشقەرنىڭ تار كوچىلىرىدا بىر ـ بىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغاندا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئوينىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشتى. بەدۆلەت يەنە مەنچىڭ بىلەنمۇ

ئۇرۇشقاندىن كۆرە سۈلھى تۈزۈپ، ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى چەكلىمەكچى بولۇپ، ئادەملىرىنى ئەۋەتتى .

چوڭ ئويۇننىڭ ئىشتىراكچىلىرى ئىچىدە بېرىتانىيە بىراز ئادىلىراق يول تۇتقان بولۇپ، ئۇ پۇتۇن ئىمكانىيەتلىرى بىلەن قەشقەرىيىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىپ، سانكتپېتېربۇرگقا قەشقەرىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى بىرلىكتە تونۇش ھەققىدە تەكلىپ قويىدى. لېكىن، بۇ تەكلىپ رەت قىلىندى. ئاخىرقى قېتىم 1877 - يىلى زوزوڭتاڭ ئۇرۇمچىنى ئىشغال قىلىپ، داۋانچىڭدىن ئۆتكەندە لوندون يەنە بىر قېتىم قەشقەرىيىنى چار رۇسىيە، بېرىتانىيە ۋە مەنچىڭ ئارىسىدىكى بىتەرەپ دۆلەت سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىش ھەققىدە سانكتپېتېربۇرگقا قايتا تەكلىپ بەرگەن بولسىمۇ، لەكىن بۇمۇ قەتئىي رەت قىلىندى(3).ئەسلىدە 1865 - يىلى مەنچىڭ ئىمپېرىيىسى رۇسىيە ھۆكۈمىتىدىن ئىلى ۋە يەتتە شەھەردىكى قوزغىلاڭلارنى باستۇرۇشتا ياردەملىشىشنى سورىغان بولۇپ، رۇسىيە ھۆكۈمىتى دەسلىۋىدە بۇنىڭغا قۇلاق سالمىغان. ئەمما، كېيىن قەشقەرىيە خانى ياقۇپ بەگنىڭ رۇسىيە ئۈچۈن خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، ئۆز چېگرىسى يېنىدا مۇنداق دۈشمەنلىك خاراكتېرىدىكى بىر مۇسۇلمان ھۆكۈمرانىنىڭ بولۇشىنى خالىمىدى ۋە ئاخىرىدا رۇسىيە قوشۇنلىرى ئىلى ۋە ئۇنىڭ مەركىزى غۇلجىنى ئىشغال قىلدى(4) ئىنگلىزلارنىڭ ئاخىرقى قېتىملىق تەكلىپلىرى چار پادىشاھ تەرىپىدىن رەت قىلىنغاندىن كېيىن، ئىنگلىزلار ئاخىرى ئامالسىز قېلىپ، زوزوڭتاڭنى قورال بىلەن تەمىنلەپ، ئۇنى قەشقەرىيىگە قويۇۋەتتى .

بۇ يەردە رۇسلار نېمە ئۈچۈن لوندوننىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدۇ؟ مېنىڭچە بۇنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 - سەۋەب؛ بۇ چاغدا رۇس ئىستراتېگىيىچىلىرى ئارىسىدا "ئوتتۇرا ئاسىيا پەقەت رۇسلارغىلا تەۋە بولۇش كېرەك، ئەگەر مۇستەقىل قەشقەرىيە شەكىللەنسە، بۇ "كۆن پاتماس ئىمپېرىيىنىڭ" كاسپىي بويىغىچە كېڭىيىپ، رۇسىيىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كاۋكازىيىدىن سىقىپ چىقىرىشى، مۇستەقىل قەشقەرىيە بېرىتانىيىنىڭ يىراق ئاسىيا ئىستراتېگىيىسى ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىشى ۋە ياكى ئىشلىتىلىشى مۇمكىن" دېگەندەك نۇقتئىنەزەر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن بولۇپ، مانا بۇ مەسىلىنىڭ تۈگۈنى ئىدى .

2 - سەۋەب ئىقتىسادى نۇقتىغا قارىتىلغان بولۇپ،19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپ، چار رۇسىيە ئۆزىنىڭ شەرق ئىستراتېگىيىسىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، شەرقتىكى ئاجىز ۋە قالاق مەملىكەتلەرنى سودا - ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن مونوپول قىلىشقا ئۇرۇندى. بىراق، بۇ ۋاقىتلاردا مەنچىڭ ئىمپېرىيىسىدە يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىقلار، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستاندا كۆتۈرۈلگەن كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭلار تۈپەيلىدىن سانكتپېتېربۇرگ ئۆزىنىڭ بۇ جايلاردىكى ئىقتىسادىي مەنپەئەتلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلدى. يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان رۇسىيە سانائەت بۇرجۇئازىيىسى

رۇسىيە ھۆكۈمىتىدىن مەنچىڭ بىلەن بولغان سودىنى كېڭەيتىشنى تەلەپ قىلدى(5). بۇرۇندىنلا مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنى سودا كېلىشىملىرى ئارقىلىق قىيناپ كەلگەن رۇسىيە بۇ قېتىم ئۇيغۇرلارنىڭ قوزغىلاڭلىرىنى باستۇرۇپ بېرىپ، مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنى رازى قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇنىڭدىن زور ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىش ھەمدە مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنى رۇسىيىگە زور سودا ئىمتىيازلىرىنى بېرىشكە قىستاش سىياسىتىنى بەلگىلىدى. ئەنە شۇنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە1879 ـ يىلى تۈزۈلگەن لىۋادىن شەرتنامىسىدە ئىلىنى قايتۇرۇش بەدىلىگە مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنى بەش مىليون رۇبلى تۆلەم تۆلەشكە ماقۇل كەلتۈرگەن بولسا،1881ـ يىلى بۇ شەرتنامە رەسمى ئىمزالانغاندا تۆلەمنىڭ باھاسى ئۆستۈرۈلۈپ توققۇز مىليون رۇبلىغا بېكىتىلگەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە رۇس سودىگەرلىرى موڭغۇلىيە ۋە مانجۇرىيىدە باج تۆلىمەي سودا قىلىش ئىمتىيازىغا ئېرىشكەن(6). مەنچىڭ ئىمپېرىيىسى رۇسىيىنىڭ قەشقەرىيە دۆلىتىنى ۋە ئىلى سۇلتانلىقىنى يوقىتىشتا كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن ھەر قانداق ئىقتىسادىي بەدەل تۆلەشكە ۋە دۆلەت نومۇسىنى سېتىشقا رازى بولغان .

3ـ سەۋەب؛ ياقۇپ بەگنىڭ تاكتىكىدىكى ئاجىزلىقى ۋە ئېھتىياتسىزلىقى بولۇپ، ئۇ، سانكتپېتېربۇرگقا ئۆز ئەلچىلىرىنى ئەۋەتىپ، چار پادىشاھ بىلەن ئىتتىپاقداشلىق ئورنىتىش ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن سودا ۋە چېگرا كېلىشىملىرىنى تۈزۈشنى ياۋاشلىق بىلەن تەكلىپ قىلىۋاتقان ۋاقىتتا ، ئۇنىڭ قوقان خانى خۇدايارخانغا يازغان خېتى يەنى قوقان بىلەن قەشقەرىيىنىڭ بىرلىشىپ، چار رۇسىيىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىن قوغلاپ چىقىرىش ھەققىدىكى مەخپىي مەكتۇبى تۈركىستان گۇبېرناتورى كوئۇفماننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈگەن گېنېرال كوئۇفمان چار پادىشاھنى ياقۇپ بەگگە ئىشەنمەسلىككە دەۋەت قىلدى. نەتىجىدە، رۇسلارنىڭ قەشقەرىيىنى يوقىتىش ۋە ياكى ئۇنى مۇستەقىل دۆلەت سۈپىتىدە ساقلاپ قالماسلىق پىكرى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە قەشقەرىيىگە مەخسۇس تەكشۈرۈشكە كەلگەن رۇسىيە خانلىق جۇغراپىيە جەمىيىتىنىڭ جاسۇسلىرى ۋە تاشكەنت سودىگەرلەر جەمىيىتىنىڭ ئاتالمىش سودىگەرلىرى ئاق پادىشاھنى قەشقەرىيە ھەققىدىكى قورقۇنچلۇق ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىدى. ياقۇپ بەگنىڭ تۈپ مۇددىئاسىنىڭ رۇسىيىنىڭ تەسىر كۈچىنى قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيادىن سىقىپ چىقىرىش ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئاساسىي نۇقتىنى ياقۇپ بەگنىڭ تەرجىمانلىق سالاھىتىگە ئېرىشىۋالغان كاۋكاز مۇسۇلمانلىرىدىن زامان بەگ(بەلكى تاتارلاردىن بولۇشى مۇمكىن ـ ئاپتور) ئارقىلىق رۇسىيە تەرەپكە يەتكۈزۈلۈپ تۇرغانلىق ئېھتىماللىقى تاتار ئالىمى قۇربان ئەلى خالىدىنىڭ مەلۇماتلىرىدا كۆرۈلىدۇ. قۇربان خالىدىنىڭ زامان بەگ ھەققىدە بايان قىلىشىچە، ياقۇپ بەگ ئۆلگەندىن كېيىن، زامان بەگ تۈركىستان گۇبېرناتورى كوئۇفمان تەرىپىدىن ئۆز يېنىدا قالدۇرۇلىدۇ ھەمدە ئۇ” زامان بەگ بىزنىڭ ئادىمىمىز ئىدى” دەيدۇ شۇنىڭدەك ئۇنى كابۇلغا ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرۇپ بولغاندىن كېيىن يۇقىرى ھوقۇق

بىرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە قىلىدۇ. ىىراق، كوئۇفمان ئۆلگەندىن كېيىن، زامان بەگ قۇرۇق قول قالىدۇ. ئەمما، يېڭى تۈركىستان گۇبېرناتورى ئۇنى ئالمۇتىنىڭ گۇبېرناتورى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. كېيىن ئۇ يەنە تۈركىستان گۇبېرناتورى تەرىپىدىن بۇخارا ئەمىرلىكىگە ئەۋەتىلىپ، ئەمىرنىڭ يېنىدا تۇرىدۇ(7)

قۇربان خالىدىنىڭ ئەسىرىدە پاش بولغان مەزكۇر سىرلاردىن زامان بەگ ئىسمىلىك كىشىنىڭ ياقۇپ بەگنىڭ بىر مەھەل رۇسىيە، بىرىتانىيە، ئوسمانلى ۋە مەنچىڭ ئىمپېرىيىلىرى ئارىسىدا ئېلىپ بارغان دىپلوماتىيىلىك ھەرىكەتلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇش ئۈچۈن ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى تەرىپىدىن "يېرىم پادىشاھ" دەپ ئاتالغان تۈركىستان ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى كوئۇفماننىڭ مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرغان ئادىمى ئىكەنلىكىنى جەزىم قىلىش مۇمكىن بولسا كېرەك.(گەرچە قولىمىزدا باشقا دەلىللەر يېتەرلىك بولمىسىمۇ)

نەتىجىدە، ئەينى ۋاقىتتا قەشقەرگە كەلگەن يۇقىرى دەرىجىلىك رۇس ئەلچىسى ۋە رازۋېتچىكى ئا. ن. كروپاتكىننىڭ باھاسى بويىچە ئالغاندا ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمان دۇنياسىدىكى قۇدرەتلىك زامانىۋى ئارمىيە كۈچىگە ئىگە ( 40 مىڭ ۋە ياكى 80 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ھەققىدە تۈرلۈك مەلۇماتلار بار-ئاپتور) قەشقەرىيە دۆلىتى دىپلوماتىيىلىك ئويۇنلارنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ، ئۆزىنىڭ قەشقەرىيىنى ئىشغال قىلىشىغا ئىشەنچىسى يەتمەي، ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ ،پۇرسەت كۈتۈپ ياتقان زو زوڭتاڭغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەردى. كىم بىلىدۇ؟ بەلكى ياقۇپ بەگ دۈشمەن بىلەن سۈلھى يولىنى تۇتماي ،پاسسىپ مۇداپىئەدىن ئاكتىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈش تاكتىكىسى قوللانغان بولسا ، مەنچىڭ ئەسكەرلىرىنى شىڭ شىڭشادىن كىرگۈزىۋەتكەن بولار ئىدى. بەلكى، خائىنلار ئۇنى ئۆلتۈرمىگەن بولسا، قەشقەرىيىنىڭ تەقدىرى باشقىچە بولار ئىدى؟

قەشقەرىيە ۋە ياكى يەتتە شەھەر دۆلىتىنىڭ 14 يىللىق قىسقا ئۆمرى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدىكى خائىنلىق بىلەن ساداقەتمەنلىكنىڭ توقۇنۇش نۇقتىسى بولۇپ، مەنسەپپەرەس، ھەسەتخور ئۇيغۇر بەگلىرى زو زوڭتاڭنى قەشقەرىيىنىڭ ئاجىزلىقلىرى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارغا ئىگە قىلىپلا قالماستىن بەلكى، ئۇنىڭغا ماسلىشىپ، ياقۇپ بەگنى زەھەرلىدى شۇنىڭدەك زو زوڭتاڭ قوشۇنلىرىنى يەتتە شەھەرگە باشلاپ كېلىپ، سانىسىزلىغان ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ قانلىرىنىڭ ئېقىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆرلۈك ئۈچۈن كۈرەش قىلىش تارىخىغا نەزەر سالغاندا ئۇلارنىڭ تەلەيسىزلىكلىرى ۋە پاجىئەلىرىگە ئۆزلىرى سەۋەب بولغاندەكمۇ كۆرۈنىدۇ. چۈنكى ، بۇ خەلقتە قەھرىمانلارنىڭ سانى قانچە كۆپ بولسا، پۇرسەتپەرەس ۋە مەنسەپپەرەس خائىنلارمۇ شۇنچە كۆپ ئىدى. بۇنىڭ تۈپ سەۋەبىنى شەخسىي ئاداۋەت، مەنپەئەتپەرەسلىك، مەن-مەنچىلىك ۋە ھەسەتخورلۇق قاتارلىق ئىللەتلەرگە باغلاش مۇمكىن. شەخسىي ئاداۋەت ۋە شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلىگەن ئادەملەر ھەمىشە ئۆز

قېرىنداشلىرى بىلەن بولغان توقۇنۇشلاردا ئۈچىنچى بىر دۈشمەننىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، مىللەتداش رەقىبىگە زەربە بېرىشكە ئادەتلەنگەن. بۇ ئادەملەر دائىم دېگۈدەك ئۆز خەلقى ئارىسىدىكى قارشىلىقلارنى دۈشمەننىڭ كۈچى بىلەن يوق قىلىشقا ئۆگەنگەن. مىسال كەلتۈرۈش توغرا كەلسە، ئۇيغۇر تارىخىدىن بۇنىڭغا تالاي پاكىتلارنى تېپىش مۇمكىن .قىسقىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي خاراكتېرىدىكى ئاجىزلىقلار دائىم ئۇنىڭ رەقىپلىرى تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىلىپ، مىللەتنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەرنىڭ چۈشىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان ئىدى .

ئومۇمەن، 1877-يىلى قەشقەرىيىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى ئۈمىد قىلغان رۇسلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئىشقا سېلىپ، زو زوڭتاڭنىڭ ئاچارچىلىق گىرداۋىغا بېرىپ قالغان چېرىكلىرىگە ئاشلىق ۋە يەم -خەشەك يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكى، شۇنىڭ بىلەن مەنچىڭ قوشۇنىغا جان كىرگەنلىكى سىر بولمىسا كېرەك؟ مېنىڭچە قەشقەرىيىنىڭ ۋەيران بولۇشىدا تۆۋەندىكىدەك بەش ئاساسىي ئامىل مۇھىم رول ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن .

1-ئامىل، ئۆز ئىچىدىكى ئىتتىپاقسىزلىق، ناچار ئىللەتلەر، مەنمەنچىلىك، ھەسەتخورلۇق ۋە ھاكىملارنىڭ مۇستەبىتلىكى ھەم باشقا شەخسىيەتچىلىكلەر. ئەلۋەتتە، مۇنداق ئىللەتلەر ھەممە ئىنسانلارغا ئورتاق بولسىمۇ، لېكىن كۆپىنچە ئەركىن مىللەتلەر تاشقى دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشتا ئۆز ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى ۋە مىللەت ئىستىقبالىغا زىيانلىق ھەر قانداق خائىش ۋە ئىللەتلەرگە كەسكىن چەك قويالىغان ئىدى. بىراق، ئۇيغۇرلارنىڭ سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلانغان دىنىي مەزھەپلەرنىڭ تەپرىقىچىلىقلىرى بىلەن شەكىللەنگەن ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىقلار كۈرىشى شەرقىي تۈركىستاننىڭ چىڭگىز ئىستىلاسىدىن كېيىن شەكىللەنگەن كەڭ كۆلەملىك ئېتنىك جەھەتتىكى ئارىلىششلار نەتىجىسىدە پەيدا بولغان مىللىي پىسخىكىلىق ئۆزگىرىشلەرگە قوشۇلۇپ، بۇ رايوندىكى ئۇيغۇر-تۈركىي ئېتنىك تەركىبىنىڭ مىللىي خاراكتېرىگە سەلبىي تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇيغۇرلار ھۇن ئىمپېراتورلۇقى، ئۇيغۇر ئورخۇن ئېمپېرىيىسى ۋە قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇلتۇراق ۋە كۆچمەن ئۇيغۇر-تۈركىي خەلقلىرىگە ئورتاق بولغان ئۇيۇشقاق ۋە مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلىدىغان ھەمدە ئۇرۇق-قەبىلە ۋە دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ سۆزىگە شەرتسىز بويى سۇنىدىغان جەڭگىۋار مىللىي خاراكتېر سۇسلىششىشقا قاراپ يۈزلەنگەن ئىدى. ئۇيغۇرلارغا بالايى ئاپەت ئېلىپ كەلگەن ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىق كۈرىشىدىن ئالدى بىلەن جۇڭغارلار پايدىلانغان بولسا، ئارقىدىن مەنچىڭ ئىشغالىيەتچىلىرى ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ، قەشقەرىيىنى كونتروللۇق ئاستىغا ئالغان ئىدى. دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى نىزالىرى ۋە يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىللەتلىرى ھېچقاچان بۇ يەردە ھۆكۈمرانلىق ئورناتقان ھەر قانداق ھاكىمىيەت تەرىپىدىن چەكلەنگەن ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ كۈچەيتىلگەن خالاس !

2-ئامىل، ئەنجانلىقلار(غەربىي تۈركىستانلىقلار) بىلەن قەشقەرىيلىكلەر ئارىسىدىكى ئىشەنچسىزلىكلەر. ياقۇپ بەگ ئاساسىي ھەربىي ۋە مەمۇرىي ھوقۇقلارنى ئۆز ئادەملىرىگە ۋە غەربىي تۈركىستاندىن كەلگەنلەرگە بېرىپ، يەرلىكلەردىن پەقەت نىياز بەگ، ھوشۇر بەگ قاتارلىق بىر قانچىلا ئۆزىگە شەرتسىز بويسۇنغان ئادەملەرگە مەلۇم ئىمتىياز بەردى. ئەمما، ئىچكى جەھەتتىن ئىتتىپاقلىشالمىغان ۋە چىقىشالمىغان بولسىمۇ، بىراق چەتتىن كەلگەن دۈشمەنگە قارشى بىرلىشەلەيدىغان، مۇستەقىللىقلىرىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدىغان جاسارەتلىك باشقا پۈتۈن مىللىي ئىنقىلابچىلارنى قاتتىق باستۇرۇپ يوقاتتى(8). كۇچار قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ داھىسى راشىدىن غوجا، ئىسھاقخان شۇنىڭدەك خوتەن ۋە يەركەنت قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ئەنە شۇلارنىڭ مىسالىدۇر .

3-ئامىل، تاشقى جەھەتتە، چوڭ ئىمپېرىيىلەرنىڭ مەنپەئەت توقۇنۇشى بۇ مەسىلە ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، بىز بۇ ھەقتە داۋاملىق شەرھلەيمىز .

4-ئامىل، ياقۇپ بەگنىڭ ئىچكى-تاشقى سىياسى تاكتىكىسى ۋە دۆلەتنىڭ ئىچكى سىياسىتىدىكى يېتەرسىزلىكلەر . ياقۇپ بەگ ھەربىي ئىشلار جەھەتتە غەرب قوراللىرىنىڭ قۇدرىتىگە ئىشەنگەن ھەمدە ئاز تولا بولسىمۇ غەرب ئۇسلۇبىدا(بەلكى تۈرك ۋە ئافغان ئۇسلۇبىدا) ھەربىي تەلىم تەربىيە ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئەمما دۆلەتنى يەنىلا پەقەت ئۆزىگىلا تايىنىپ باشقۇردى. ئۇ، ئوسمانلى ۋە بېرىتانىيە قاتارلىق قۇدرەتلىك مەملىكەتلەر بىلەن دىپلوماتىك پائالىيەت ئېلىپ بارغان بولۇشىغا قارىماي، ئۇلارنىڭ ئىلغار باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئۆگەنمىدى. ئەكسىچە، ئۇ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا تېگىشلىك پۈتۈن سىياسەت، پىكىر ۋە تەلەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى بەلگىلەپ چىقاتتى .مۇھىم ئىشلاردا كېڭەش ۋە مۇزاكىرە ئۇيۇشتۇرمايتتى. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ناھايىتى ياخشى ماڭغان دۆلەت ئىشلىرى، باياشات ھايات ئاستا-ئاستا خاراپلىشىشقا، بەگلەر چىرىكلىشىشكە باشلىغان ئىدى. ئەمما، مەنچىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ زۇلمىنى يەتكىچە تارتقان ۋە ئەركىنلىككە مۇھتاج بولغان ئۇيغۇر خەلقى يەنىلا ئۆز ھاكىمىيىتىنى قەدىرلەپ، ئۇنى جان تىكىپ قوغدىغان ئىدى. ئەگەر ياقۇپ بەگ ئاخىرغىچە توغرا ۋە ياخشى باشقۇرۇش سىياسىتى يۈرگۈزۈپ، دۆلەتنى ھەر جەھەتتىن قۇدرەت تاپقۇزغان بولسا، مەنچىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ بۇ تۇپراققا قايتىپ كېلەلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى .

5-ئامىل، ياقۇپ بەگنىڭ دۈشمەن بىلەن سۈلھى قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۇنىڭغا قاتتىق ۋە قەتئىي زەربە بەرمەسلىك ھەم باشقىلاردۇر. ياقۇپ بەگ سۈلھىچىلىك يولىغا مېڭىپ، دۈشمەن بىلەن قەتئىي سوقۇشۇش تەرەپدارى بولغان ئوغلى بەگ قۇلبەگ ۋە باشقا قوماندانلىرىنى ئالدىنقى سەپتىن قايتۇرىۋېلىپ(9)، رەقىبلىرىنىڭ ئۆز ئەھۋالىنى بىلىۋېلىشىغا ھەمدە ئۆزىنىڭ ئاجىز نۇقتىلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۆزىدە ئىشەنچ پەيدا قىلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى . ئەسلىدە مەنچىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ زوزوڭتاڭ

تەرەپدارلىرى قەشقەرىيە دۆلىتىگە ھۇجۇم قوزغاشقا ئالدىراپ جۈرئەت قىلالمىغان بولۇپ، ئۇلار بىر تەرەپتىن ياقۇپ بەگنىڭ كۈچىگە ئەندىشە بىلەن قارىسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئۇرۇشقا ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى بىلەن رۇسىيىنىڭ ئارىلىشىپ،" يەتتە شەھەر دۆلىتى"گە ياردەم بېرىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئالدى بىلەن ئۇرۇمچىنى ئىشغال قىلىپ، ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، ئاندىن ئۇرۇش باشلىماقچى بولغان ئىدى(10).ياقۇپ بەگنىڭ كۈچ -قۇدرىتى ئەينى ۋاقىتتا مەنچىڭ ئوردىسىنى خېلى ساراسىمگە سالغان بولۇپ، لىخوڭجاڭ گۇرۇھى بىلەن زوزوڭتاڭ گۇرۇھىنىڭ يەتتە شەھەر مەسىلىسىدىكى تالاش-تارتىشلىرىدا لىخوڭجاڭ گۇرۇھى باشتىن ئاخىرى قەشقەرىيىنى تاشلىۋېتىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمما، زوزوڭتاڭ بولسا، ئەگەر ئۇنىڭغا يول قويغاندا ياقۇپ بەگنىڭ ھامان بىر كۈنى سەددىچىننىڭ ئىچىگە بېسىپ كىرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. نېمە سەۋەبتىن مەنچىڭ ئوردىسىدا مۇنداق تالاش-تارتىشلار يۈز بەردى؟ بۇ دەل ئەنە شۇ قەشقەرىيە دۆلىتىنىڭ كۈچ-قۇدرىتى جۇملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ئىدى. خالاس. مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ياقۇپ بەگ بىرىنچى ھۇجۇمدىلا رەقىپلىرىگە قاتتىق زەربە بەرگەن بولسا، ئۇيغۇر سىياسىي تارىخى تامامەن باشقىچە يېزىلغان بولار ئىدى. قىسقىسى ياقۇپ بەگ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ، ئاكتىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈشتىن پاسسىپ مۇداپىئەگە، ئاخىرىدا بېرىپ چېكىنىشكە ھەمدە يوقىلىشقا يۈزلەندى .

ئاقىۋەتتە، تۆت ئەتراپى ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان تارىم ۋادىسىنى ئاشكارا بېرىۋېلىش ۋە ياكى ئۇ جايدا مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قەد كۆتىرىشىنى خالىمىغان بەلكى ، خالىسىمۇ ئۆزارا پايدىسىز دەپ قارىغان بېرىتانىيە بىلەن رۇسىيە ئۆزلىرىدىن ئاجىز مەنچىڭ ئىمپېرىيىسىگە خۇددى بۇ "چوڭ ئويۇن"دا ئوتتۇرغاندەك كۆرۈنۈش بىلەن بۇ رايوندا ئەبەدىي ئۆز ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تەسىرىنى ساقلاپ قېلىپ، بارا-بارا سىڭىپ كىرىش ئىستراتېگىيىسىنى بەلگىلىدى. ئۇلۇغ بېرىتانىيە بىلەن چار رۇسىيىنىڭ بۇنداق قارارغا كېلىشىگە يەنىلا ئالدى بىلەن ياقۇپ بەگنىڭ ئاخىرغىچە پۈت تىرەپ تۇرالماسلىقى ۋە مەنچىڭ قوشۇنلىرىغا زەربە بېرىپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قالالماسلىقى بىر سەۋەب بولۇپ قالدى .

ئامېرىكا ئالىمى جامېس مىلىۋاردىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇشىچە ، مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىكى ھۆكۈمرانلىقى ھەقىقى ئىمپېرىيالىزملىق ھۆكۈمرانلىق بولۇپ، زو زوڭتاڭنىڭ ئۆلكىنى قايتا ئىشغال قىلىشى بىلەن 1884-يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسى تەسىس قىلىنىپ، ئۆلكىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورۇنلىرىنى ئىلگىرىكىدەك پۈتۈنلەي مانجۇرلار ئىگىلەشنىڭ ئورنىغا خىتايلار ئالمىشىپ، ئاساسىي ھوقۇق زو زوڭتاڭ قاتارلىق خىتايلارنىڭ قولىغا ئۆتتى ھەمدە ئۇيغۇر ھاكىمبەگلىرىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىگە چەك قويۇلدى(11).شۇنىڭدىن كېيىن، زو زوڭتاڭ-لىيۇ جىنتاڭ گۇرۇھى خىتايلارنىڭ ئىمتىيازىنى تىكلەپ ۋە قوغداپ، خىتايلار بىلەن ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر

ئارىسىدىكى مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ تېخىمۇ ئۆتكۈرلىشىشىگە ئاساس سالدى .زوزوڭتاڭ
قوشۇنلىرىنىڭ دەھشەتلىك ئۆچ ئېلىشلىرىغا دۇچ كەلگەن شۇنىڭدەك ئىلگىرىمۇ ئۇزۇن
يىللار ئۇرۇش زەرداپلىرىنى چەككەن خەلق، قاتمۇ-قات زۇلۇم ۋە مىللىي
كەمسىتىشلەرگە نىسبەتەن 50 نەچچە يىل تاقەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى .

قىسقىسى،19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارى مىقياسى بويىچە
كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭلارنىڭ غەلىبىسى مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ بۇ جايدىكى
هۆكۈمرانلىقىنى پاچاقلاپ تاشلىغان بولۇپ، بۇنىڭدا ئەڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغىنى
راشىدىن غوجا باشچىلىقىدىكى كۇچار قوزغىلاڭچىلىرى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئازاد
قىلىنغان تېررىتورىيىسىنىڭ كەڭلىكى، قوشۇنىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنىڭ ئۈستۈنلىكى ۋە باشقا
جەھەتلەردىن كۇچارنى مەركەز قىلغان قوزغىلاڭچىلار ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغان بولۇپ،
بۇ كۈچ شىددەت بىلەن شەرقتە ئۈرۈمچىگە، جەنۇپتا قەشقەر تەرەپلەرگە قاراپ
كېڭىيىۋاتقاندا قەشقەر قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبەرلىكىنى زىممىسىگە ئالغان ياقۇپ بەگ
بىلەن ھەمكارلاشتى.ياقۇپ بەگ تۈرلۈك ۋاستىلەر بىلەن ھەر قايسى جايلاردىكى
ھاكىمىيەتلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بىرلىككە كەلگەن، مۇستەقىل قەشقەرىيە دۆلىتىنى
بەرپا قىلدى. ئەگەردە ئۇ بۇ ھاكىمىيەتنى ساقلاپ قالالىغان بولسا، بەلكى بۈگۈنكى
كۈندە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئىستىقلال دۆلىتىنىڭ 140 يىللىق مۇساپىسىنى باشتىن
كەچۈرگەن بولار ئىدى. ئۇيغۇر دۆلەتچىلىك ئىدىيىلىرى تەرەققى قىلىپ ۋە
تاكامۇللۇشۇپ، زامانىۋى ۋە ئىلغار قىياپەت بىلەن 21-ئەسىرگە قەدەم قويۇش
بىلەن دۇنيانىڭ كۆن تەرتىپىنى بەلگىلەش ئىشلىرىغا ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى
مۇررەككەپ ئىستراتېگىيىلىك ئويۇنلاردا ئۆزىنىڭ ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرغان بولار
ئىدى. ئەپسۇسكى، ياقۇپ بەگ رەھبەرلىكىدىكى بۇ ھاكىمىيەتنىڭ يىقىلىشى ئەينى
ۋاقىتتىكى پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارىدا كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭلارنىڭ غەلىبىسىنىڭ
مۇۋەپپەقىيەتسىز بولۇشى شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرىنىڭ
پاجىئەلەرگە گىرىپتار بولۇشىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىگە ئايلاندى. بۇ
ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇرلارنىڭ قولىغا كەلگەن ئەڭ چوڭ پۇرسەت ئىدى خالاس. بىراق،
قەشقەرىيىنىڭ يىقىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تەقدىرىدىكى بىر ئۇنتۇلماس پاجىئە
بولسىمۇ، ئەمما قەشقەرىيە دۆلىتىدىن ئىبارەت مەزكۇر يېقىنقى زامان ئۇيغۇر
دۆلەتچىلىك تارىخىدىكى خېلى سىستېمىلاشقان، زامانىۋىلاشقان ئارمىيىگە ئىگە، رۇس
دىپلوماتى كروپاتكىنىنىڭ باھاسى بويىچە ئالغاندا مەركىزىي ئاسىيادىكى كۈچلۈك
مۇسۇلمان دۆلىتى بولۇش ئېھتىماللىقى زور بولغان ھاكىمىيەتنىڭ مەيدانغا چىقىشى ،
ئۇيغۇرلارنىڭ ئازادلىق كۈرەشلىرى ۋە مىللىي دۆلەت غايىلىرىگە مەنىۋى روھ ئاتا
قىلدى .20-ئەسىردىكى ئىككى "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى " ئەمەلىيەتتە
ئەنە شۇ-19 ئەسىردىكى قەشقەرىيە دۆلىتى جۈملىدىن تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە
شىمالىدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق خەلقلەرنىڭ كەڭ كۆلەملىك مىللىي ئىستىقلال

كۆرەشلىرىدىن تۇغۇلغان ھەم تېخىمۇ كۈچەتكەن مىللىي ۋە دىنىي روھنىڭ ھامىسى ۋە مىراسخورى ئىدى .

بىراق، تارىخ 20 ـ ئەسىر قوينىغا كىرىش بىلەن ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، بۇ شاھمات تاختىسىدا تېخىمۇ زور ۋە مۇرەككەپ ھەم كەسكىن ئويۇنلار ئوينالدى. بۇ ئويۇنلاردا لېنىن رۇسىيىسى غالىپ كەلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ نالە ـ پەريادلىرى قىزىل خىشلىق كرېمىل تېمىنىڭ ئىچىگە ئاڭلانمىدى خالاس !

## 2 ـ جۇغراپىيىۋى سىياسەتنىڭ قۇربانلىرى

ياۋرو ـ ئاسىيانىڭ خەستەلەنگەن يۈرىكى ـ ئۇيغۇر دىيارىنىڭ خەستىلىك ۋە ئازابلىق تارىخى ئەركسىزلىكنىڭ تەمىنى تېتىغان ھەمدە ئەركسىزلىكنىڭ بىر مىللەت ئۈچۈن ئەڭ زور دەرىجىدىكى يوقىتىش ۋە تراگېدىيە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان قەلبلەر بىلەن كۆپ ئوخشاشلىقتا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنە ئۆزىگە خاس تەرەپلەرگە ئىگە . بەلكى، ئۇنىڭ خەستەلىك تارىخىنىڭ ۋاراقلىرى كۆپرەك بولسا كېرەك؟ !

تارىخىي رەئاللىق ۋە ئۇنىڭ خۇددى م. بۇغرا ئېيتقاندەك جۇغراپىيىلىك تەلەيسىزلىكى، مېنىڭچە يەنە ئۇنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە باشقا جەھەتلەردىكى تەلەيسىزلىكلىرى ئالدى بىلەن ئۆزى بىلەن بىۋاستە تارىخىي، مەدەنىيەت ۋە جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن باغلىنىشلىق بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەڭ مۇھىمى ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۇزۇن يىللار كونتروللۇق ئاستىدا تۇتۇپ كەلگەن سانكتپېتېربۇرگ ۋە موسكۋا بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. چۈنكى، ياۋرو ـ ئاسىيانىڭ خەستەلەنگەن يۈرىكى ـــ شەرقىي تۈركىستان ئۆزىنىڭ يەنە بىر پارچىسى غەربىي تۈركىستان بىلەن تارىخىي تەقدىرداشلىقتا ئىگە بولغان بولسا، كېيىنكى ئەسىرلەردە بۇ رايونغا كىرگەن موسكۋا دائىم ئۆز مەقسەدلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئوتتۇرا ئاسىيانى ۋاستە قىلغان . بۇ نۇقتىنى چۈشەنگەن ھەممە كۈچلەر ياۋرو ـ ئاسىيانىڭ مەزكۇر خەستەلەنگەن يۈرىكىنى غەربىي تۈركىستان ئارقىلىق ئازابلاش تاكتىكىسىنى تاللىۋالدى ھەمدە تاللىۋالماقتا .

ئۇنداقتا تارىختىكى كونا ـ يېڭى رۇسىيىنىڭ ياۋرو ـ ئاسىيانىڭ خەستەلەنگەن يۈرىكى ۋە ئۇنىڭ قوشنىلىرىغا تۇتقان سىياسىتىنى قانداق تەسۋىرلەش لازىم؟

رۇسىيىنىڭ شەرقىي تۈركىستان سىياسىتى مەيلى چار پادىشاھ دەۋرى بولسۇن ۋە ياكى 1917 ـ يىلدىن كېيىنكى سوۋېت رۇسىيىسى مەزگىلى بولسۇن ھەممىسلا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر قاتارلىق يەرلىك خەلقلەر بىلەن خىتاي ھاكىمىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى قارمۇ ـ قارشىلىقلاردىن ئىبارەت مەزكۇر رايوننىڭ ئىچكى سىياسىي ھاياتىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئاساسىدا شەكىللەنگەن(12). چۈنكى ، ئۇيغۇر قاتارلىق خەلقلەرنىڭ ھەر قەتىملىق قوراللىق قارشىلىق ھەرىكەتلىرى يالغۇز جۇڭگو ھاكىمىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن بەلكى، رۇسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغىمۇ كۈچلۈك تەسىر

كۆرسەتكەن. بۇنىڭدىكى سەۋەب بىرىنچىدىن، رۇسىيە ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەن ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئېتنىك، دىن، تىل ھەتتا ئىجتىمائىي- ئىقتىسادىي ھايات شەكلى قاتارلىق تۈرلۈك تەرەپلەردىن بىردەكلىككە ۋە ئوخشاشلىققا ئىگە بولغانلىقى. ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇر ئېلى بىلەن غەربىي تۈركىستان نىڭ جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن تاغ-دەريالىرى ، ئېتىز-ئېرىقلىرى ۋە يايلاقلىرىنىڭ تۇتىشىپ كېتىپ، ئورتاق بىر جۇغراپىيىلىك گەۋدىنى شەكىللەندۈرۈشىدىن ئىبارەت بۇ خىل بىردەكلىك ھەمدە باغلىنىشلىق مۇناسىۋەت رۇس ۋە مەنچىڭ ئىمپېرىيىلىرى تەرىپىدىن سۈنئىي ئۇسۇلدا جىسمانىي جەھەتتىن ئايرىۋېتىلسىمۇ لېكىن، بەرىبىر مەنىۋى جەھەتتىن ئايرىۋېتىلمىدى. ئەنە شۇ يۇقىرىدىكى ئىككى خىل ئامىل تۈپەيلىدىن چېگرىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى خەلقلەر ئۆزارا بىر-بىرىگە ئۆتۈپ ياشاشنى ۋە ھەر قېتىملىق قارشىلىق ھەرىكەتلىرى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندا ئۆزارا قېچىپ كېلىپ پاناھلىنىش ۋە قايتىدىن كۈچ توپلاپ، ئۆز ئېلىدىكى كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئادەتلەندى. غەربىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇر ئېلى بۇلار ئۇچۈن ئارقا سەپلىك ھەم بازىلىق رول ئوينىدى .

مەسىلەن، 1759-يىلىدىكى بۇرھانىدىن غوجا ۋە خان غوجا باشچىلىقىدىكى قەشقەرىيە خەلقىنىڭ زھاۋخۇي باشچىلىقىدىكى مەنچىڭ تاجاۋۇزچى قوشۇنىغا قارشى كۈرەشلىرى، جاھانگىر غوجا قوزغىلىڭى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى، 1830-،1847-، 1856-، 1877-، 1881- يىللىرىدىكى ۋەقەلەردە شۇنىڭدەك 20-ئەسىردە يۈز بەرگەن بىر قاتار ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىدە كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تۇڭگان قاتارلىقلار ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يەتتە سۇ رايونىغا قېچىپ بېرىپ پاناھلاندى. چوقان ۋەلىخانوپنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا 19-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدىكى جاھانگىر غوجا قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندا قوقان، شەھرىخان قاتارلىق جايلارغا 70 مىڭ ئۇيغۇر كۆچۈپ چىققان.19-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىدا بولسا 15 مىڭ ئۇيغۇر كۆچۈپ چىققان. شەھرىخان بىلەن قاراسۇ ئارىسىدىكى جايلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ دولان دەپ ئاتالغان گۇرۇپپىسىدىن 9 مىڭ ئادەم كۆچۈپ چىققان بولۇپ، پەرغانە ۋادىسىدا جەمئىي 324 مىڭ ئۇيغۇر بولغان(12). بۇ قازاق ئالىمى يەنە ئەينى ۋاقىتتا تاشكەنتنىڭ جەنۇبىدىكى يېڭى شەھەر مەھەللىسىدە قەشقەرلىكلەر(ئۇيغۇرلار)نىڭ تۇرىدىغانلىقىنى، شەھرىخان، ئەندىجان شەھىرىنىڭ ئاھالىسىنىڭ يېرىمىنىڭ قەشقەرلىكلەر، قاراسۇنىڭمۇ شۇنداق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ(13). ئا.ن. كروپاتكىنمۇ 19-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىدا قوقان خانلىقى تەۋەلىكىدە 250 مىڭ قەشقەرلىكلەر (ئۇيغۇرلارنىڭ) بارلىقىدىن مەلۇمات بېرىدۇ (14). ئەلۋەتتە، بۇنداق كۆچۈش ئىزچىل داۋاملاشقان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سانىمۇ ئۈزلۈكسىز تۈردە ئاشقان .تارىخىي پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئۇيغۇر ئېلىدە يۈز بەرگەن ھەممە قوزغىلاڭلاردا مەزكۇر پاناھلانغان مۇساپىرلار بەلگىلىك مۇھىم رول ئوينىدى. مەسىلەن جاھانگىر غوجا، يۈسۈپ غوجا ۋە باشقا غوجىلارنىڭ قوزغىغان قوراللىق ھەرىكەتلىرىدە پەرغانە

ۋادىسىغا قېچىپ بارغان قەشقەرىيىلىكلەر ئاۋانگارت قوشۇن بولۇپ ئۇيۇشۇپ، ئۆز يۇرتلىرىغا جەڭ بىلەن قايتىپ كەلگەن شۇنىڭدەك كۈرەشلەردە مۇھىم تايانچلىق رولىنى ئوينىغان. ئەڭ يېقىنقى مەزگىلگە تەۋە مىساللارنىڭ بىرى شۇكى، 1944-يىلىدىكى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىدىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ بارغان ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقىلار سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قايتىدىن تەشكىللىنىپ، مەخسۇس گۇرۇپپىلار بولۇپ، ئىلقا قوزغىلىڭى، غۇلجا قوزغىلىڭى، ھەرەمباغ ئۇرۇشى ۋە باشقا جەڭلەردىكى مۇھىم ھەربىي تايانچلىق رولىنى ئوينىدى(15). ئومۇمەن، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئۆزلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىدا دائىم ۋە ئىزچىل ھالدا شۇ جايدىكى ئۇيغۇر كۆچمەنلىرىنىڭ ئۆز ۋەتىنىنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىستەكلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەرىكەتلەرگە قول تىقتى ۋە ياكى ئۇنى كونترول قىلدى .

تۈركىستاننىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ تەقدىرداشلىقىغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر نۇقتا شۇكى، ئوخشاشلا چار رۇسىيە ۋە سوۋېت رۇسىيىسىگە قارشى جەڭ قىلغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىدېئولگىيىلىك جەھەتتىن چىقىشالمىغان كۆپلىگەن قازاقلار، ئۆزبېكلەر، قىرغىزلار، تاتارلار ھەم ئۇيغۇرلار ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىياغا يەرلەشكەن رۇسلار ئۇيغۇر ئېلىغا قېچىپ كېلىپ پاناھلاندى. مەسىلەن، ئىلى سۇلتانلىقىغا قېچىپ كەلىپ پاناھلانغان قازاق باتۇرى تازانبېك ۋە باشقىلار رەھبەرلىكىدىكى قازاقلار مۇھىم مەسىلە بولۇپ، ئىلى سۇلتانى ئەلاخان مىللىي ۋە دىنىي قېرىنداشلىق تۇپەيلىدىن تازانبېكنى چار پادىشاھقا قايتۇرۇپ بېرىشنى رەت قىلىش بەدىلىگە ئۆز مۇستەقىللىقىنى يوقاتتى. 1916-يىلى، يەنە چار پادىشاھنىڭ ئەسكەر ئېلىشىغا قارشى تۇرۇپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، مەغلۇپ بولغان قازاق، قىرغىزلار تۈركۈم-تۈركۈملەپ، ئۇيغۇر دىيارىنىڭ جەنۇپ-شىمالىغا قېچىپ كېلىپ ماكانلاشتى. قىرغىز تارىخچىسى بېلەك سۇلتانايىنىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا ئىسسىق كۆل ئەتراپىدىن ئۇيغۇر دىيارىغا قېچىپ كەلگەن قىرغىزلارنىڭ سانى 200 مىڭدىن ئاشقان. باشقا مەلۇماتلاردا 300 مىڭدىن ئارتۇق دەپمۇ يېزىلىدۇ (16). ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالغان بۇ قىرغىز قاچقۇنلىرىنى ئۇيغۇرلار ئۆيلىرىگە ئورۇنلاشتۇرغان، ئۇلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىگەن ھەم ئۇلارنى ماكانلاشتۇرغان .

ئۇنىڭدىن كېيىن، سوۋېت رۇسىيىسىگە قارشى جەڭ قىلىپ، رۇس كوممۇنىستلىرى تەرىپىدىن" باسمىچىلار" دەپ ئاتالغان ئەنۋەر پاشانىڭ، ئىرگەش باتۇرنىڭ ئوزبېك، قىرغىز ئەسكەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە -تاۋاباتلىرى قەشقەر ئەتراپىغا قېچىپ كېلىپ پاناھلانغان ئىدى. 1930-يىللاردىكى قەشقەردە بولغان شەرقىي تۈسكتان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش قوزغىلاڭلىرىغا ئىشتىراك قىلغان قىرغىزلاردىن جانىبەك قازى، چىپاق قازى، ئۆزبېكلەردىن يۈسۈپجان ۋە سېتىۋالدىجان ھەم ئۇلارنىڭ نەچچە

يۈزلىگەن ئەگەشكۈچىلىرى ۋە باشقىلار بۇنىڭ مىسالى بولسا كېرەك(17)
ئومۇمەن، چېگرىنىڭ ھەر ئىككىلا تەرىپىگە قېچىپ بېرىپ ماكانلاشقان قېرىنداش خەلقلەر بىر-بىرىنىڭ ھۆرلۈك كۈرەشلىرى گە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلدى ھەمدە بىر-بىرىگە ئىگە چىقىپ، ئۆز پاناھىغا ئېلىشتى (ئەلۋەتتە كۆپ مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك مەۋجۇت بەزى ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا). دېمەك، چار پادىشاھ ۋە كېيىنكى سوۋېت رۇسىيىسى يۈقىرىدا قەيت قىلىنغان ئەھۋاللارنى نەزەرگە ئېلىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك تەدبىرلەرنى ئالغان ھەمدە سىياسەتلەرنى تۈزگەن ئىدى. بولۇپمۇ، سوۋېت رۇسىيىسى چار رۇسىيىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەجرىبىلىرىنى ياخشى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ھەم كۈچەيتىش چارىسىنى قوللاندى .
رۇسىيە تاشقى سىياستى جۇملىدىن ئۇنىڭ مەركىزىي ۋە شەرقىي ۋە جەنۇبىي ئاسىيا سىياسى ئىستراتېگىيىسىنى تەھلىل قىلغاندا شۇنداق يەكۈن چىقىش مۇمكىنكى، كونا رۇسىيە ۋە قىزىل لېنىن رۇسىيىسى شۇنىڭدەك ئۇنىڭ كېيىنكى مەزگىللەرنىڭ ھەممىسىدە كرېملىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك جۇڭگو سىياستىدە ئۈچ خىل ئېقىم زىددىيەتلىشىپ كەلگەن. بۇنى مۇنداق يەكۈنلەش مۇمكىن؛
1- شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىگە يول قويماي، ئەكسىچە جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ياردەم بېرىپ، بۇ جاينى رۇس تەسىرى ئاستىدىكى رايون قىلىش يەنى تېررىتورىيىلىك ھوقۇق جەھەتتىن جۇڭگونىڭ قولىدا قالدۇرۇش ، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ۋە باشقا جەھەتلەردىن رۇسىيىنىڭ تەسىرى ئاستىدا تۇتۇش، ئۇچىنچى بىر دۆلەت كۈچىنى بۇ يەرگە كىرگۈزمەسلىك .
2-بۇ رايوندا مۇستەقىل بىر ئۇيغۇر دۆلتى بەرپا قىلىش ۋە ياكى ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش. بۇ ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاننى خۇددى موڭغۇلىيە ھەم باشقىلارغا ئوخشاش كرېملىنىڭ تەسىرى ۋە ھىمايىسى ئاستىدىكى بىر قورچاق دۆلەت سۈپىتىدە تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن كرېملىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىستراتېگىيىسى ۋە باشقا كېرەكلىك نۇقتىلىرى ئۈچۈن پايدىلىنىش .
3-بۇ رايوننى قوراللىق يول بىلەن ئاشكارا بېسىۋېلىپ، رۇسىيىنىڭ بىر گۇبېرنىيىسى ياكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى قىلىش. مەزكۇر ئۈچ خىل نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ تەشەببۇسكارلىرى ئارىسىدىكى كۈرەشمۇ ناھايىتى ئۆتكۈر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 3 -نۇقتا چار پادىشاھ دەۋرىدىلا ئاساسىي جەھەتتىن سەپتىن قېلىپ، يۇقۇرىدىكى ئىككى نۇقتا نەزەر دائىملىق تالىشىش مەركىزى بولۇپ كەلدى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو ئىشلىرى مۇتەخەسسىسى مەرھۇم تۇرسۇن سادىقوپنىڭ ئېيتىشچە؛ رۇسىيىنىڭ ۋە كېيىنكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستان سىياستىنى بەلگىلەشتىكى ئاچقۇچلۇق مەزكۇر ئىككى نۇقتا ئارىسىدا بىرىنچى خىل نۇقتىئىنەزەر دائىم ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، دۆلەت سىياستى دەرىجىسىگە

كۆتۈرۈلدى(18) .ئۇيغۇر مەسلىسى باشتىن ـ ئاخىرى سوۋېت ـ جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇشتەك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ،1924 ـ يىلى سوۋېت رۇسىيىسى بىلەن جۇڭخۇا جۇمھۇرىيىتى ئارىسىدا تۈنجى كېلىشىم تۈزۈلگەندىن كېيىن، موسكۋا تۈركىستان تەۋەسىدىكى جۇڭگوغا قارشى كەيپىياتتىكى ھەر قانداق ھەرىكەتلەرنى قاتتىق چەكلىدى ھەتتا سوۋېت كوممۇنىستلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى « شىنجاڭ»دا تەشكىلاتچىلىق پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىشنى چەكلەش ھەققىدە قارار چىقىرىپ، «شىنجاڭنى ياكى بۇنىڭ مەلۇم قىسمىنى جۇڭگودىن ئايرىشنى مەقسەت قىلىدىغان ھەر قانداق ھەرىكەت ۋە تەشۋىقاتنى پۈتۈنلەي زىيانلىق دەپ قاراش»نى قارار قىلدى( 19 )

3.تەقدىردىكى ئوخشاشلىقلار

1917 ـ يىلىدىكى رۇسىيىنىڭ فېۋرال ئىنقىلابىدا پادىشاھلىق تۈزۈم ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن بولشېۋىكلەر بىلەن بۇر؟ئۇئا ـ دېموكراتلىرى ئارىسىدىكى كۆرەش ئۆتكۈرلەشتى. چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ يوقىلىشى بۇ كونا ئىمپېرىيىنىڭ يېڭى ھاكىمىيىتىنى تالىشىدىغان تۈرلۈك سىياسىي ئېقىملار ۋە پارتىيىلەرنى مەيدانغان كەلتۈردى. بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن ئېدىل(ۋولگا) ـ ئۇرال بويىلىرىدىن تارتىپ، تاكى ئوتتۇرا ئاسىياغىچە بولغان بىپايان زېمىندىكى رۇس مۇستەملىكىسىنىڭ ئازابىنى تارتقان خەلقلەر مۇستەقىللىق يولىنى تۇتۇپ، ئىلگىرى ـكېيىن تۈرلۈك پارتىيە ۋە سىياسىي گۇرۇھلارنى شەكىللەندۈردى .

ئالدى بىلەن قىرىملىق ئىسمائىل گاسپىرالىنىڭ مەدەنىيەت گۈللىنىش ۋە جەدىدچىلىك ئىدىيىسىنى ئاساس قىلغان " بالقاندىن جۇڭگوغىچە" بولغان بىپايان زېمىندىكى تۈركىي خەلقلەرنى بىر ئورتاق سىياسىي ۋە ئورتاق تىل شارائىتىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مۇستەھكەم ئىتتىپاقىنى شەكىللەندۈرۈش ئىدىيىسى بىلەن قوراللانغان قىرىملىق تاتار زىيالىيلىرى "ياش تاتار پارتىيىسى" ناملىق سىياسىي تەشكىلات ئاستىغا ئۇيۇشۇپ، پەقەت مەدەنىيەت ـ مائارىپ جەھەتتىن ئويغىنىشنىڭلا بىر مىللەت ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى، پەقەت ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، مىللەتنى بۇ ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن قىلغاندىلا ھەقىقى مەنىدىكى قۇتۇلۇش ۋە گۈللىنىش مۇمكىنچىلىكى ھەم كاپالىتى بولىدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلدى. ياش تاتار پارتىيىسى 1917 ـ يىلى 2 ـ ئايدا تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە تۈنجى بولۇپ، "مىللىي پىرقە"پارتىيىسىنى قۇرۇپ ،ھاكىمىيەتنى قولغا ئالماقچى بولدى. بۇ پارتىيە 1917 ـ يىلى ـ 5 ئايدا يەنە قۇرۇلتاي چاقىرىپ، قىرىم تاتار ھۆكۈمىتىنى قۇردى ۋە ئاساسىي قانۇننى بەلگىلىدى. لېكىن، 1920 ـ يىلى سوۋېت رۇسىيىسى قىرىم ئارىلىنى ئىشغال قىلىۋېلىپ، تاتار مىللەتچىلىرى بىلەن كوممۇنىستلارنىڭ بىرلىششى ئاستىدىكى قىرىم سوۋېت جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى ھەمدە ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، تاتار مىللەتچىلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك

جازالىدى. قىرىم تاتارلىرىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كېلىپ، ھەتتا 1944-يىلىغا كەلگەندە ئۆز يۇرتلىرىدىن قوغلاندى خالاس(20)
ئوخشاش بىر ۋاقىتتا يەنە قازاننى ئاساس قىلغان ۋولگا( ئىدىل)-ئۇرال بويىدىمۇ تاتارلار ۋە باشقىرتلارنىڭ مىللىي ئويغىنىش ھەم سىياسىي جەھەتتىن قەد كۆتۈرۈش ھەرىكىتى جانلانغان بولسىمۇ، لېكىن تاتار-باشقىرت مىللەتچىلىرى ئىككى خىل پىكىر ئېقىمىغا بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇنىڭ بىرى "سىياسىي جەھەتتىن بىرلىككە كەلتۈرۈش " بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەرەپدارلىرى بىرلىككە كەلگەن بۇرجۇئازىيە ۋەكىللىكىدىكى رۇسىيە تەۋەسىدە قېلىپ، بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ مۇختارىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلسا، يەنە بىر گۇرۇپپا فېدېراتسىيەچىلىك پىكىر ئېقىمىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلار ۋولگا-ئۇرال دۆلىتىنى قۇرۇپ، ئۇنى زېمىن جەھەتتىن مۇستەقىل قىلىش ئەمما، رۇسىيە بىلەن يەنىلا فېدېراتسىيىلىك مۇناسىۋەتنى ساقلاش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى(21). بۇ گۇرۇپپىغا مەنسۇپ كۆپلىگەن مىللەتچىلەر كېيىن بولشېۋىكلەر پارتىيىسىگە كىرىپ، بولشېۋىكلەرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدى .ئۇلارنىڭ ياردەملىشىشى نەتىجىسىدە 1920-يىلى 27-مايدا تاتارىستان سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. ئەمما، بۇ بىر قىسىم تاتار زىيالىيلىرى كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئەزا بولغان بىلەن ھېچ قاچان ئۆزلىرىنىڭ مىللەتچىلىك ئىدىيىسىدىن ۋاز كەچمىگەن بولۇپ، ئۇلار موسكۋانىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن سىياسىي ھوقۇقلىرىدىن رازى ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەپ، پارتىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تۈركىي خەلقلەرنىڭ دۆلەتچىلىكىنى قايتىدىن تۈزۈش مەسىلىسىدە تالاش-تارتىشلارنى قانات يايدۇردى. مىرسەيىد سۇلتان غالىيېۋ رەھبەرلىكىدىكى تاتار مىللەتچىلىرى ئىدىل-ئۇرال، ئوزبېكىستان، تۈركمەنىستان ،قازاقىستان ۋە قىرغىزىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ تۈركىي- مۇسۇلمانلار جايلاشقان رايونلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تۇران دۆلىتى قۇرۇشنى شۇنىڭدەك يەنە بۇ رايوندىكى بارلىق مۇسۇلمانلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۆز ئالدىغا "مۇسۇلمان كوممۇنىستلار پارتىيىسىنى" قۇرۇپ(22)، سوتسىيالىزىم دۇنياسىنى تۈركىي- مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا رۇسىيە كوممۇنىستلار پارتىيىسىدىن مۇستەسنا بىر ئايرىم پارتىيە بولۇش سالاھىيىتىگە لايىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇشقا تىرىشتى. ئەپسۇسكى ئۇلارنىڭ بۇ ئىستراتېگىيىسىمۇ ئەمەلگە ئاشمىدى، 1928-يىلى ھاكىمىيەتنى تولۇق مۇستەھكەملىۋالغان موسكۋا سۇلتان غالىيېۋ رەھبەرلىكىدىكى مەزكۇر مىللەتچى كوممۇنىستلارنى بىراقلا تازىلاپ، نۇرغۇنلىغان ئادەملەرنى ئۆلۈمگە، سۈرگۈنگە ۋە تۈرمىگە مەھكۇم قىلدى. سۇلتان غالىيېۋ ئىجاد قىلغان "مۇسۇلمان كوممۇنىستلىرى پارتىيىسى" دېگەن بۇ غەيرى سىياسىي ئىدېئولوگىيە سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈكتەك سىياسىي ئاتالغۇلار لۇغىتىدىن غايىپ بولدى. چۈنكى، تاكى1924-يىلىغىچە موسكۋا ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ "مۇسۇلمان

كوممۇنىستلىرى" دېگەن ئاتالغۇلارنى كەڭ ئىشلەتكەن ئىدى .
قىسقىسى، ئىدىل-ئۇرال بويىدىكى موسكۋا بىلەن ئوخشاشلىقتا ۋە ياكى قىسمەن پەرقلەرگە ئىگە بولغان تاتار-باشقىرت مىللەتچىلىرىنىڭ ھەر خىل شەكىل ۋە ھەر خىل ئۇسۇلدىكى شۇنىڭدەك ھەر خىل پىكىر ئېقىمىدىكى ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۈشمىنى دەپ قارىلىنىپ زەربە بېرىش ئوبيېكتى بولدى . شۇنىڭغا ئوخشاشلا، چار پادىشاھ ھاكىمىيىتىنىڭ يىمىرىلىشى غەربىي تۈركىستانغىمۇ ئازادلىق ئىشەنچىسىنى ئېلىپ كەلدى. ياش تۈركلەر پارتىيىسىنىڭ تەسىرىنى ئالغان شۇنىڭدەك رۇسىيىنىڭ 1905-يىلدىكى مۇنارخىزىمغا قارشى دېكابىرچىلار ھەرىكىتى ھەمدە رۇسىيە-ياپونىيە ئۇرۇشىدا رۇسىيىنىڭ يېڭىلىشىدەك بىر قاتار ئىچكى ۋە تاشقى ۋەزىيەتنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ قارىغان تۈركىستانلىقلار ئىلگىرى كېيىن ئاشكارا ھەم مەخپىي تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇپ، مىللىي ئويغىنىش تەشۋىقاتلىرىنى قانات يايدۇردى ھەمدە " ياش بۇخارالىقلار پارتىيىسى"، " ياش خىۋەلىكلەر پارتىيىسى"نى قۇردى. فېۋرال ئىنقىلابىدىن كېيىن، 1917-يىلى 5-ئايدا ئۇلار تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى قۇرۇلتىيىنى چاقىرىپ، تۇنجى مۇستەقىل ھۆكۈمەت -مىللىي مەجلىسنى تەسىس قىلدى .1917-يىلى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، بۇ مەجلىس ئەمەلىي ھوقۇقنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن قوقاندا تۈركىستان مۇسۇلمانلار ھۆكۈمىتىنى ئېلان قىلدى. "قوقان ئاپتونومىيىسى "دەپ ئاتالغان بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئۆمرى قىسقا بولۇپ، ئۇ 1919-يىلى تاشكەنتتىكى سوۋېتلەر ئەۋەتكەن قوراللىق كۈچ تەرىپىدىن ئاغدۇرۇۋېتىلدى ۋە قوقان ئىنقىلابچىلىرى دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقتا ئۇچرىدى (23)
يەتتە سۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قازاق -قىرغىز رايونلىرىدىمۇ چار رۇسىيىدىن قۇتۇلۇش ھەرىكىتى بۇرۇنلا باشلانغان بولۇپ، 1916-يىلى كەڭ كۆلەملىك قوراللىق قوزغىلاڭ پارتلىدى. چار پادىشاھ يىقىلغاندىن كېيىن بولسا، قازاق زىيالىيلىرى "ئالاش ئوردا" ناملىق ئەركىنلىكنى تەشەببۇس قىلىدىغان بىر پارتىيە قۇرۇپ، ئورىنبۇرگ، ئۇرال ۋە يەتتە سۇ رايونلىرىدا ھەرىكەت قىلدى. بۇ پارتىيە دەسلىۋىدە قىزىللارغا قارشى كازاكلار بىلەن بىرلىشىپ، بولشېۋىكلارغا قارشى تۇرغان بولسا، 1919-يىلدىن كېيىن بولشېۋىكلارنىڭ ۋەدىلىرىگە ئىشىنىپ، ئۇلار تەرىپىگە ئۆتۈپ، ئۇلار بىلەن كېلىشىم تۈزدى. بولشېۋىكلار قازاقلارغا ئالىي ئاپتونومىيە بېرىشكە رازى بولدى ھەمدە شۇ يىلى رۇسىيە تەۋەسىدە قازاق سوۋېت ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ، رۇس كوممۇنىستلىرى ئالاش ئوردىچىلارنىڭ ياردىمى ۋە قوللىشى ئاستىدا قازاق تۇپراقلىرىدا ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، قازاق-قىرغىز مىللەتچىلىرىنى بىر-بىرلەپ تازىلىدى خالاس(24)
بۇ مەزگىلدە يەنە خارەزم رايونىدا خىۋە خانلىقى، بۇخارا رايونىدا بۇخارا ئەمىرلىكى مەۋجۇت بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى چار رۇسىيىنىڭ ھامىيلىقى ئاستىدا ئىدى. 1919-يىلى ۋولگا بويىدا جەڭ قىلىۋاتقان قىزىل ئارمىيە قوشۇنى لېنىننىڭ بىۋاستە

بۇيرۇقى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىپ، ئىلگىرى كېيىن خىۋە ۋە بۇخارا خانلىقلىرىنى يوقاتتى. بۇ خانلىقلار ئىلگىرى ـ ئاخىر خارەزىم خەلق جۇمھۇرىيىتى(1919 ـ يىلى)، بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتى ( 1920 ـ يىلى)گە ئۆزگەرتىلدى .

گەرچە، سوۋېت رۇسىيىسى زور غەلىبىلەرگە ئېرىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىدىل ـ ئۇرال ۋە كاۋكازىيە قاتارلىق تۈركىي ـ مۇسۇلمانلار رايونىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا ئىچكى ھەم تاشقى تەھدىتلەردىن خالىي بولالمىدى. گەرچە، ياش بۇخارالىقلار ، ياش خىۋەلىكلەر ھەم باشقا مىللەتپەرۋەرلەرنىڭ بىر قىسمى بولشېۋىكلار پارتىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، تۈركىستاندىكى سوۋېت ھاكىمىيىتىدە يۇقىرى لاۋازىمەتلىك ئورۇنلارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار لېنىننىڭ ئىنقىلاب غەلبە قىلىشتىن ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويغان "چار رۇسىيىنىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ خالىسا فېدېراتسىيىلىك ھاكىمىيەتتىن چىقىپ كېتىپ، ئۆز مىللىي مۇستەقىل دۆلىتىنى قۇرۇش ھوقۇقى بار" دېگەن شۇئارىدىن غەلبىنى قولغا كەلتۈرۈپ ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئاستا ـ ئاستا يېنىۋالغانلىقىنى بىلىپ، بۇنىڭدىن سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ ئەسلى مەقسىتىنى سېزىۋالغان ئىدى. شۇنىڭ نەتىجىسىدە پەرغانە ۋادىسىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ سوۋېت رۇسىيىسىگە قارشى مىللىي مۇستەقىللىق ۋە ئىسلامىي غازات شۇئارىدىكى قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى پارتلاپ، پارتىزانلارنىڭ سانى كۈنسايىن ئېشىش بىلەن بەزى شەھەرلەر،قىشلاقلار ئۇلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. موسكۋا ھۆكۈمىتى بۇ كۈچنى يوقىتىش ئۈچۈن فرۇنزېنىڭ باشچىلىقىدا 200 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر سالدى .دېمەك، ئاتالمىش "باسمىچىلار ھەرىكىتى" ھەمدە ئىدىل ـ ئۇرال ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك مىللەتپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرىنىڭ كۈچىيىۋاتقانلىقىنى نەزەرگە ئالغان لېنىن رۇسىيىسى 1919 ـ يىلى تاشكەنتنى مەركەز قىلىپ، تۈركىستان سوۋېت ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن تۈركچىلىك پىكىرىدىكىلەرنى قايمۇقتۇرۇش تاكتىكىسىنى قوللاندى. ئاخىرىدا ۋەزىيەتنى ئوڭشاپ بولغاندىن كېيىن، تۈركىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يەرلىك مىللەت رەھبەرلىرى ۋە زىيالىيلىرىنىڭ نارازىلىقىغا قارىماستىن تۈركىستاننى پارچىلاپ، 1924 ـ يىلدىن باشلاپ، تاكى 1936 ـ يىلىغىچە ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان، تاجىكىستان ،قازاقىستان، قىرغىزستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىنى بەرپا قىلىپ، بۇنى "ئوتتۇرا ئاسىيادا مىللىي چېگرىلارنى ئايرىش ۋە مىللىي جۇمھۇرىيەتلەرنى قۇرۇش سىياستى "دەپ ئاتىدى، شۇنىڭدەك" تۈركىستان" ئىبارىسىنى چەكلەپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوتتۇرا ئاسىيا ئاتالغۇسىنى ئومۇملاشتۇردى ھەمدە ئومۇمىي يۈزلۈك پانتۈركىزمغا قارشى ھەرىكەت باشلىدى .

لېنىن باشچىلىقىدىكى سوۋېت رۇسىيىسى پۈتۈن سابىق چار پادىشاھ مۇستەملىكىلىرىنى تولۇق ئىدارە ئاستىغا ئېلىپ، بۇ جايلاردا يەرلىك خەلقلەرنىڭ مىللىي سىياسىي

ھوقۇقلىرى ئېتىراپ قىلىنغاندەك ھالەتنى بىلدۈرىدىغان تولۇق ئاپتونومىيىلىك جۇمھۇرىيەتلەرنى قۇرۇپ، ھوقۇقنى موسكۋاغا مەركەزلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە يەنە پۈتۈن دۇنيا يۈزىدە "پرولېتارىيات ئىنقىلابى قوزغاش"، "ئەزىلگەن خەلقلەرنى ئازاد قىلىش" شۇئارى ئاستىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەقدىرى مەسىلىسىگىمۇ كۆڭۈل بۆلدى. بىراق، دەسلىۋىدە بۇ جايدا ئىنقىلاب قوزغاشنى مۇۋاپىق تاپقان سوۋېت رۇسىيىسى ھۆكۈمىتى ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ باشلىقى رۇگزۇكتاكىنىڭ "قەشقەرىيە-جۇڭغارىيە جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش "لايىھىسىنى 1921-يىلى مەخسۇس كومىسسىيە تەشكىللەپ مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق بىكار قىلىپ، بۇ پىلاندىن ۋاز كەچتى ھەمدە ئۇيغۇرلار ئىنتىپاقىنىڭ پائالىيەتلىرىنى چەكلىدى. بۇ قارارغا لېنىن بىۋاستە ئارىلاشقان ئىدى(25)

ئومۇمەن،1917-يىلدىن ئېتىبارەن يەتتە سۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى ئازادلىقىنى تەمىن ئېتىشنى مەقسەت قىلىدىغان سىياسىي ھەرىكەتلەر پەيدا بولدى ۋە كۈنسايىن كۈچەيدى. ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ جۈملىدىن دۇنيا تۈرك خەلقلىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ياۋرو-ئاسىيا مىقياسىدا داۋاملاشقان بارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئازادلىق كۈرەشلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىستىقبالىنى بەلگىلەشنىڭ تولۇق يوللىرىنى ۋە ئۇسۇللىرىنى ئىزدىدى .

ئۇيغۇرلار 20-ئەسىرنىڭبىشىدا مەيدانغا كەلگەن ۋە كۈچىيىشكە قاراپ يۈزلەنگەن ھەم خارابلاشقان تولۇق سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ئىدېئولوگىيىلىرى مەسىلەن "كوممۇنىزم"، "تۈركچىلىق"، "ئىسلامىي گۈللىنىش"، "مىللىي ئازادلىق" ۋە "جەدىدچىلىك" ھەم باشقىلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ھەر خىل سەۋىيىدە ئۆز تۇرمۇشىغا ئېلىپ كىرىپ، بۇلارنى مىللىي ھۆرلۈك كۈرەشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى .گەرچە، بۇ ئىدىيىلەر ئۇيغۇر جەمىيىتىدە ئۆز ئورنىنى تاپقان بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئۆزارا كۈرەشلەرگىمۇ مەلۇم دەرىجىدە سەۋەب بولدى. ھەر قايسى ئىدىيىلەرنىڭ تەرغىباتچىلىرى ئۆزلىرى ئىشەنگەن يول بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ دەپ قارىغاچقا، ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىدىيىلىرىگە سادىق بولدى. بۇنداق مەپكۇرىۋى توقۇنۇشلار دەسلەپتە بۇخارا، ئىستامبۇل، قازان قاتارلىق جايلاردا ئوقۇپ كەلگەن ئابدۇقادىر داموللا، مەسۇد سەبرى، قۇتلۇق شەۋقى، جىرجىس ھاجى قاتارلىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە تاشقى دۇنيانى كۆرگەن ئاكا-ئۇكا مۇسابايېۋلار ھەم مەخسۇت مۇھىتى قاتارلىق ئۇيغۇر بۇرجۇئازىيىسىنىڭ ئۆزارا بىرلىشىپ، ئۆز ۋەتىنىدە يېڭىچە مەكتەپلەرنى ئېچىپ، يېڭى مەدەنىيەت-مائارىپ ئويغىنىش ھەرىكىتىنى قوزغىغان ۋاقتىدا ئۇنىڭغا قارشى چىققان ئۆمەرباي قاتارلىق جاھىللار گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن رەۋىشتە ئىپادىلەندى. ياڭزېڭشىڭ قاتارلىق مىلتارىستلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۇ يېڭى مەدەنىيەت ۋە يېڭى ئاڭنىڭ ھىمايىچىلىرى بىلەن

جاھىللار گۇرۇھى ئارىسىدىكى كۆرەشتىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلاندى ھەمدە ئۇنى تېخىمۇ ئۇلغايتتى .

ياڭ زېڭشىڭ ئۇيغۇر ئېلىنى ئۆزىنىڭ سانى يەتتە مىڭغا يەتمەيدىغان ئەپيۇكەش ئەسكەرلىرى بىلەن ئەمەس بەلكى، ھىلە-نەيرەڭلىك سىياسىي ئويۇنلىرى ۋە "نادانلاشتۇرۇش"، "دۆتلەشتۈرۈش" شۇنىڭدەك "ياتلارنى ياتلارنىڭ قولى ئارقىلىق باشقۇرۇش" ۋە باشقا بىر باقاتار سىياسىي تاكتىكىلىرى بىلەن 17 يىل ئىدارە قىلدى. نادانلىق، جاھالەت پاتقىقىغا چوڭقۇر پاتۇرۇلغان ئۇيغۇرلار ئۆز خەلقى ئىچىدىن چىققان ئاڭلىق، كۆزى ئېچىلغان زاتلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەمەس، بەلكى ياڭ زېڭشىڭنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ، يۇرتنىڭ ئاق ساقىلى بولۇۋالغان بىر قىسىم، شەخسىيەتچى جاھىل بايلار ھەمدە دىنىي تونىغا ئورىنىۋالغان نادان خۇراپىي ئۇنسۇرلارنىڭ قايمۇقتۇرىشىغا ئۇچرىدى. ئابدۇقادىر داموللامدەك ھەقىقى تەرەققىيپەرۋەر ئىسلام ئالىملىرى بولسا چەتكە قېقىلدى ھەتتا ئۆلتۈرۈلدى. بۇ جاھىل گۇرۇھ ياڭ زېڭشىڭنىڭ سىياسەتلىرىنى كەڭ تەرغىپ قىلىش بىلەن ئۇنىڭغا ماسلىشىپ، يۇرتنى ئىدارە قىلىپ، ئۆز خەلقىنى قۇللۇققا مەھكۇم قىلدى. كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان شۇنچىلىك پاجىئەلىك قىسمەت شۇكى، ئەنە شۇ گۇرۇھلارنىڭ ماسلىشىشى بىلەن ياڭ زېڭشىڭ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلار مۇتلەق كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان ناھىيىلەرنى 17 يىل تىنچ ۋە قارشىلىقسىز ئىدارە قىلالىدى. ئادەتتە، پۈتۈن ناھىيە بويىچە ھاكىم ۋە ساقچى باشلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قانچە خەنزۇ يۇقىرادىن باشقا كۈچلۈك ھەربىي ۋە ساقچى قوشۇنى بولمىغان ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتىغا نەچچە يۈز مىڭ نوپۇسلۇق ئۇيغۇر خەلقى شەرتسىز بويسۇنۇشقا، ھەتتا خىتاي ئەمەلدارى كوچىغا چىقسا، كوچىدىكى ئادەملەر توپ-توپى بىلەن يۈكۈنىپ تازىم قىلىشتەك ئەھۋالغا دۇچ كەلدى. قىسقىسى پۈتۈن بىر ناھىيىنى پەقەت بىر خىتاي ھاكىم ئۆزى تەنھا باشقۇراتتى ھەمدە يانچۇقى پۇلغا تولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە بىرسى كېلەتتى. ئەگەر كىمكى، سەل ئويغۇنۇپ، بۇنىڭغا قارشى چىقسا يۇرت ئاقساقاللىرى بۇ ئادەمنى ئۆزلىرى تۇتۇپ، خىتاي ئەمەلدارىغا تاپشۇرۇپ، كاللىسىنى ئالغۇزاتتى. بۇ ھەقتە 20-ئەسىرنىڭ 10-20-يىللىرىدا قەشقەرگە كەلگەن تۈركىيىلىك مائارىپچى ئەخمەت كامال ئىلقۇل ۋە شۋېتسىيىلىك دىپلومات گۇننار يارىڭ ۋە باشقىلارنىڭ بايانلىرىغا قاراش مۇمكىن

قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيادا بولسا، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەيدانغا كەلگەن چار رۇسىيىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئازادلىقىنى تەمىن ئەتمەكچى بولغان "تارانچى -تۈڭگان كومىتېتى"نىڭ باشلىقى، ئۇيغۇر زىيالىيسى ھۈسەيىن تارانوپ ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن بولشېۋىكلارنىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ ئۇلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتىنى تىكلەشنى غايە قىلغان ئابدۇللا روزىباقىيېۋچىلار بىر مەيدان كۆرەشنى باشلىۋەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا،

يەتتە سۇ ۋە پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىر قانچە يىل تارانچى-قەشقەرلىك جېدىلى يەنى بۇ ئىككى شۇنىڭ قايسىسىنى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى قىلىش مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك تارانچىلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر مىللەتكە تەۋەلىكى مەسىلىسى ھەققىدە كەسكىن مۇنازىرە داۋاملاشتى(26).1934-يىلى بولسا بۇ جېدەلدىن شىپك شىسەي پايدىلىنىپ، تارانچىلارنى ئۇيغۇرلاردىن ئايرىپ چىقىپ، باشقا مىللەت قىلىپ بېكىتتى .

ئۇيغۇرلار بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىدىل-ئۇرال بويىدىكى تۈركىي قېرىنداش خەلقلەرنىڭ مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يوللىرى جەريانىدا دۇچار بولغان ئوخشاش تەقدىرنىڭ يەنە بىر تەرىپى ئۇلارنىڭ مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى يول ۋە ئۇسۇل جەھەتتىكى پىكىر ئوخشىماسلىقى بىلەن بىر قانچە قارمۇ-قارشى گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ كېتىپ، ئۆز رەقىپلىرىگە پۇرسەت يارىتىپ بېرىشتىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن بەلكى، دائىم ئۆزلىرى قارشى تۇرغان ھۆكۈمرانلار بىلەن بىرلىششتەك، سۇلھىچىلىك يولىنى تۇتقان گۇرۇپپىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ تېخىمۇ پاجىئەلىك بولۇشىدۇر. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك رۇسىيە بولشېۋىكلىرى ئۆزبېك، قىرغىز، قازاق، تاتار ۋە باشقۇرت ھەم ئازەرى قاتارلىق خەلقلەرنىڭ ئىچىدىكى سۇلھىچىلىك پىكىردىكى گۇرۇھلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۇلارنىڭ قولى ئارقىلىق باشقا قەتئىيلىك تەرەپدارلىرىغا زەربە بەردى. ئەمما، ھاكىمىيەتنى تولۇق ئىدارە قىلغاندىن كېيىن، ئۆزلىرى بىلەن ھەمكارلاشقان گۇرۇھلارنىڭ ۋەكىللىرىنى بىرمۇ-بىر جازالىغان ئىدى .ئۇيغۇرلارنىڭ 1912-يىلدىكتۆمۈر خەلىپىدىن باشلانغان 20-ئەسىر ئىنقىلابلىرىمۇ دەل شۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن بولۇپ، 30-يىللاردىكى خوجا نىياز ھاجىم، 40-يىللاردىكى ئەخمەتجان قاسىمى، مەسۇد سەبىرى قاتارلىق “ئۈچ ئەپەندىلەر” ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ تەقدىرىنى مىسال قىلىش مۇمكىن .ھەر قايسى ئېقىمغا مەنسۇپ ئۇيغۇر ئىنقىلابچىلىرى تاكى 1949-يىلىغىچە ئۆزلىرى ئىشەنگەن ۋە ئېتىقاد قىلغان يوللارنى ئۇيغۇر مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىگە تەۋسىيە قىلىش جەريانىدا بىر-بىرىنى ئىنكار قىلغان بولسىمۇ، ئەمما مەيلى تۈركچىلىك ئىدىيىسىنى ئاساسىي قورال قىلغان جۇڭخۇامىڭو ھۆكۈمىتىگە تايىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئالىي مۇختارىيىتىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان ئۈچ ئەپەندى باشلىق "كونسېرۋاتىپلار" بولسۇن ۋە ياكى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق رۇسلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغان "رادىكاللار"(27) بولسۇن ۋە ياكى بۇ ئىككى ئىدىيىنىڭ ھېچ قايسىسىغا قوشۇلماي ئوتتۇرا يولنى تاللىغان ئابدۇل ئەزىزخان مەخسۇم قاتارلىقلار بولسۇن بەرىبىر ئۇلارنىڭ ھەممىسى پاجىئەلىك قىسمەتكە دۇچار بولدى. ئەلۋەتتە، بۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئاجىزلىقى ئەمەس ئىدى، بەلكى بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى تاللاش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشقا ئىنتىلىش، خەلقارا سىياسىي ئېقىملارنى ۋە ۋەزىيەتنى تەتقىق

قىلىشتىن چىقارغان خۇلاسىلىرى ئىدى. ئەسلىدە مۇنداق پىكىر ئىقىملىرىغا بۆلۈنۈپ، ئۆزارا كۈرەش قىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل ھاكىمىيىتى تىكلىنىپ بولغاندىن كېيىن، خۇددى تۈركىيە ۋە ئامېرىكا قاتارلىق باشقا دېموكراتىك دۆلەتلەردىكىدەك شەكىلدە ھەم مەۋقەدە مەۋجۇت بولسا تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولار ئىدى. ئەپسۇسكى، ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خىل پىكىر ئىقىملىرىنى ئۆز ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تاللىشى ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئۆزارا زىددىيەتلىشىپ ھەتتا بىر-بىرىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئورتاق رەقىپلىرىنىڭ بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ كېتىشىگە، ئۇيغۇرلارنى ئىچكى جەھەتتىن ئاجىزلىتىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى. ئەينى ۋاقىتتىكى جۇڭگونىڭ تۈلكىسى دەپ ئاتالغان ئاتاقلىق دىپلومات جاڭ جىجوڭ ئۆز ئەسلىمىسىدە بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزارا زىددىيىتىنى كۈچەيتكەنلىكىنى ئىقرار قىلىدۇ شۇنىڭدەك مەيلى كونسېرۋاتىپلار بولسۇن ۋە ياكى رادىكاللار بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاخىرقى مەقسىتىنىڭ يەنىلا مۇستەقىللىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.(28)

قانداق بولۇشتىن قەتئىي نەزەر،20-ئەسىرنىڭ دەسلىۋىدە ياۋرو-ئاسىيادا يۈز بەرگەن زور سىياسىي ۋەقەلەر ھەم ئىدېئولگىيىلىك توقۇنۇشلاردا ئۇيغۇرلار يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدا مۇستەملىكىدىن قۇتۇلۇش، مۇستەقىل مىللىي دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسىنى ۋە غايىسىنى دۇنياغا بىلدۈردى. ئۇيغۇر سىياسىيونلىرى ئۆزلىرى ئىشەنگەن سىياسىي ئىدىيە ۋە ئېقىملار شۇنىڭدەك كۈرەش يوللىرى ۋە ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئاخىرقى ئورتاق مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن تىرىشتى، ئۇرۇندى ۋە بۇ ئورتاق غايە ھەم مەقسەتلىرى ئۈچۈن زور بەدەللەرنى تۆلىدى .

خۇلاسە

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك سىياسى تارىخىغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇق كۈرەشلىرىدە رەقىبلىرى تەرىپىدىن بىۋاستە جىسمانىي جەھەتتىن يېڭىلگەن ئەمەس. ئۇيغۇرلارنىڭ رەقىبلىرىنىڭ غالىپ چىقىشى كۆپىنچە ھالدا بۇ مىللەتنىڭ ئۆز ئىچىدىكى ئىتتىپاقسىزلىق ۋە سىياسىي جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلەر، بۇنىڭغا قوشۇلۇپ تاشقى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئۇيغۇر سىياسىي تەقدىرىنى قامال قىلىۋېلىشى نەتىجىسىدە ئەمەلگە ئاشقان. ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئىچكى نىزالار، رايونلار ئارىسىدىكى مىللىي پسىخىكىلىق ۋە مەدەنىيەت پەرقلىرى شۇنىڭدەك ئىدېئولوگىيىلىك توقۇنۇشلار 20-ئەسىر ئۇيغۇر سىياسىي ھاياتىنىڭ بەختسىزلىكلەرگە يولۇقىشىدىكى ئامىللاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئىچكى ئامىل بىرىنچى دېگەندەك

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئىچىدىكى مىللىي مەنپەئەت ئۈچۈن ھەممە شەخسىي مەنپەئەتلەردىن ۋاز كېچىش، ئۆزارا بىرلىك ۋە ئۇيۇشقاقلىقنى قەدىرلەش روھىنىڭ

كەمچىللىكى ھۆرلۈككە مۇھتاجلىقى بار، ئۇزۇن مەزگىللىك كۈرەش ئەنئەنىسى ئىگە ھەمدە بۇ يولدا ھەددىدىن زىيادە كۆپ قۇربان بەرگەن ئۇيغۇردەك مىللەت ئۈچۈن زور پاجىئە ھېسابلىناتتى .

قىسقىسى ياۋرو-ئاسىيانىڭ يۈرىكى ھېسابلانغان ئۇيغۇر ۋەتىنى-20-19 ئەسىر سىياسى تارىخىدا ئۆزىنىڭ جۇغراپىيىلىك تەلەيسىزلىكى سۈپىتىدە ئەتراپىدىكى قۇدرەتلىك كۈچلەرنىڭ چوڭ شاھمات تاختىسىدىكى پىيچكىلار كەبى ئوينىلىش ۋە قۇربان قىلىۋېتىلىش قىسمىتىگە دۇچ كېلىپ خەستەلەندى !ئۇيغۇر سىياسىي تەقدىرى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ تاشقى سىياسىي ئىستراتېگىيىلىرىدىكى ئويۇن قەرتىگە ئايلىنىپ، دىپلوماتىك سورۇنلارنىڭ ئويۇنچۇقى بولدى .

ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلاردەك باشقا چوڭ دۆلەتلەرنىڭ مىللىي مەنپەئەتلىرىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتكەن يەنە باشقا مىللەت يوق دېسەكمۇ خاتالاشمىساق كېرەك؟ !

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاق كۆڭۈللىكى، ئۆز ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتە دائىم باشقىلارنىڭ ۋەدىسىگە ئاسان ئىشىنىپ، ئۆزىنىڭ ئەسلى قۇدرىتىنى سەل چاغلىشى ھەمدە تارىخى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشكە ئەھمىيەت بەرمەسلىكىمۇ مەلۇم رول ئوينىدى .ئەلۋەتتە، كۆپىنچە ھاللاردا ئاجىز مىللەتلەردە ئەنە شۇنداق ئاق كۆڭۈللۈك يەنى باشقىلاردىن ياخشىلىق كۈتۈش ۋە ئۈمىد باغلاش پىسخىكىسى بولىدۇ .

مەركىزىي ئاسىيا، ئىدىل-ئۇرال ۋە كاۋكازىيىدىكى تۈركىي تىللىق قېرىنداش خەلقلەرنىڭ-20 ئەسىردە بېسىپ ئۆتكەن سىياسىي مۇساپىلىرى ۋە دۇچ كەلگەن سىياسىي قىسمەتلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئورتاقلىققا ئىگە. ئۇيغۇرلار دىنىي جەھەتتە ئىسلام دۇنياسىنىڭ، تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە تۈرك دۇنياسىنىڭ، جۇغراپىيە جەھەتتە مەركىزىي ياۋرو-ئاسىيانىڭ بىر قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەزكۇر ئۈچ چوڭ گەۋدىنى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلغان .شۇنداق ئىكەن، دېمەك ئۇيغۇرسىز بىر پۈتۈن تۈركىي تىللار گەۋدىسى ۋە تۈرك مەدەنىيىتى، ئۇيغۇرسىز بىر پۈتۈن گۈللەنگەن ئىسلام دۇنياسى، ئۇيغۇرسىز بىر پۈتۈن، تىنچ ۋە مۇقىم مەركىزىي ياۋرو-ئاسىيا سىياسى ھاياتى بولمايدۇ خالاس !

مەيلى قانداق بولۇشتىن قەتىي نەزەر، 19-20-ئەسىر ئۇيغۇرلار ئۈچۈن زور ئىزتىراپلارنى چەككەن، ھەددى-ھېسابسىز قۇربانلارنى بەرگەن ئازابلىق بەتلەر بىلەن پۈتۈلگەن بولسا، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇر خەلقىغە ئاجايىپ قەھرىمانلىقلارنى، پىداكارلىقلارنى شۇنىڭدەك قۇدرەتلىك ۋە شەرەپلىك ئۆتمۈشكە چوقۇنۇش بىلەن پارلاق كېلەچەككە نىسبەتەن ئۈمىد ئۈزمەسلىك روھىنى ئاتا قىلغان ئەسىر بولدى. ئۇيغۇرلارنىڭ قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۇلارغا ئىشەنچ ئاتا قىلغان بولسا، مەغلۇبىيەتلىرىمۇ ئوخشاشلا ئۇلارغا ئۈمىدۋارلىق، بوشاشماسلىق روھىنى تەقدىم قىلدى. ئۆز ھۆرلۈكى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان خەلقلەر تارىخىدا بەلكى ئۇيغۇرلار ئۆز ھۆرلۈكىنى

ئەڭ كۆپ قېتىم قولغا ئالغان شۇنىڭدەك ئەڭ كۆپ قېتىم يوقاتقان، ئەمما ھېچقاچان ئۇمىدسىزلەنمەي، ئاخىرقى نىشانى ئۈچۈن بەدەل تۆلەشنى داۋاملاشتۇرغان بىردىن ـ بىر مىللەت بولسا كېرەك .
قىسقىسى، ئۇيغۇر روھىيەت قۇرۇلمىسى كۈنسايىن ئۇمىدسىزلىنىش ۋە زەئىپلىشىش ئەمەس بەلكى، تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىش ۋە تاكامۇللىشىش ھۆجەيرىلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، ئۆزىنىڭ ھېچ قاچان تارىخ قۇرلىدىن ئۆچمەس ۋە يوقالماسلىقىغا كاپالەت تۇرغۇزدى.

## 2 ـ بۆلۈم
## يالتا كېلىشىمى ۋە ئۇيغۇرلار

بۇنىڭدىن 60 نەچچە ئىلگىرى يەنى 1945 ـ يىلى 4 ـ فېۋرالدىن 11 ـ فېۋرالغىچە بولغان بىر ھەپتە ئىچىدە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى، ئۇلۇغ بېرىتانىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ دۆلەت رەھبەرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىرىم يېرىم ئارىلىدىكى گۈزەل مەنزىرىلىك ساياھەت نۇقتىسى يالتىغا توپلىنىپ، دۇنيانىڭ يېڭى سىياسىي تەرتىپىنى بەلگىلەيدىغان ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە مەشھۇر " يالتا يىغىنى" نى ئېچىپ، ئاخىرىدا بىر قاتار مەسىلىلەر بويىچە كېلىشىم ھاسىل قىلدى .دەسلەپتە مۇتلەق مەخپىيەتلىك تۈسى ئالغان، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىش باسقۇچىغا توغرا كەلگەن مەزكۇر يىغىن بۇنىڭدىن 60 نەچچە ئىلگىرىكى دۇنيانىڭ يېڭى تەرتىپىنى بەلگىلەشتىلا ئەمەس بەلكى، بۈگۈنكى كۈندىكى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردىمۇ يەنىلا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرماقتا. زامانىمىزدىكى كۆپلىگەن خەلقئارالىق مەسىلىلەر مەسىلەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى رامكىسى ئاستىدىكى ۋە باشقا رايون خاراكتېرلىك دىپلوماتىيىلىك مۇناسىۋەتلەرگە ئائىت مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشى يەنىلا مەلۇم دەرىجىدە ئەشۇ يالتا كېلىشىمى بىلەن باغلىنىشلىققا ئىگە .
تارىختىكى بەزى كېلىشىملەرنىڭ يىلى كونىرىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ تەسىرى ئۇنچە ئاسان تۈگىمەيدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بالتىق دېڭىزى بويىدىكى جۇمھۇرىيەتلەر ، پولشا، فىنلاندىيە قاتارلىق مەملىكەتلەر بىلەن رۇسىيە فېدېراتسىيىسى ئارىسىدا ھەتتا 1939 ـ يىلى، 23 ـ ئاۋغۇستتىكى سوۋېت تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مولوتوۋ بىلەن گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى رىببېنتروپ قول قويغان " سوۋېت ـ گېرمان ئۆزارا ئۇرۇش تاجاۋۇز قىلماسلىق شەرتنامىسى "ۋە باشقا شەرتنامە ھەم كېلىشىملەرگە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي مەسىلىلەر يەنىلا تالاش تارتىش تۈسىنى ئالغان بولۇپ، پولشا ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەن ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆزلۈكسىز تۈردە موسكۋا دائىرىلىرىدىن 1939 ـ 1940 ـ يىللىرىدا گېرمانىيە پولشىغا باستۇرۇپ كىرگەندىن كېيىن گېرمانىيە ئارمىيىسىدىن يېڭىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى

تېررىتورىيىسىگە قېچىپ كىرگەن پولشا ئارمىيىسىنىڭ جەڭچى ئوفىتسېرلىرىنى كوللېكتىپ قىرغىن قىلىش جىنايىتى جۈملىدىن ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پولشا چېگرىسى يېنىغا نۇرغۇن ئەسكەر يۆتكەپ، گېرمانىيە ئارمىيىسىگە ماسلىشىپ، پولشا ئارمىيىسىگە ئارقىدىن زەربە بەرگەنلىك قىلمىشىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، بۇ ھەقتىكى مەخپىي ئارخىپلارنى پولشا ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇشنى ۋە سىرلارنى ئاشكارىلاشنى تەلەپ قىلماقتا(1 .(دېمەككى، تارىخ ھېچقاچان قېرىمايدۇ ۋە ئۆز رولىنى يوقاتمايدۇ. ئەنە شۇ سەۋەبتىن پولشا ۋە بالتىق دۆلەتلىرى بۈگۈنكى كۈندە مۇستەقىل دۆلەت سۈپىتىدە قەد كۆتىرىپ تۇرۇش بىلەن بىرگە يەنە ئۆتۈپ كەتكەن تارىخنى بىراقلا بولدى قىلىۋەتمىدى. تارىخ بىر مىللەتنىڭ ئۆتمۈشىنىڭ ئەينىكى بولۇپلا قالماستىن بەلكى كېلەچىكىنىڭ ۋە تەرەققىياتىنىڭ ئەينىكى بولغانلىقى ئۈچۈن ھەر قانداق بىر مۇستەقىل دۆلەتكە ئىگە بولغان مىللەت ئالدى بىلەن ئەنە شۇ تارىخنى مىللىي ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدە يەكۈنلەشكە ۋە تىكلەشكە شۇنىڭدەك ئۆز پۇقرالىرىنى تەربىيلەشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ .

مېنىڭچە ئاڭلىق مىللەت ھېچقاچان ئۆز تارىخىنى ئۇنتۇمايدۇ ۋە تارىختىن ساۋاق ئېلىشنى ھەر قاچان ئۆزىگە ئادەت قىلىدۇ. پولشالىقلار 65 يىللار ئىلگىرى كاتىن ئورمانلىقىغا ستالىنىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن كۆمۈۋېتىلگەن پولشا جەڭچى -ئوفىتسېرلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقى ئۈچۈن بۈگۈنكى كۈندە ئۇ سىرلارنى بىلىشنى زۆرۈر دەپ بىلگەندەك(2)، ئۇيغۇرلارمۇ ئۆز تارىخىدىكى نۇرغۇن پاجىئەلىك سىرلارنى سوراش ۋە بىلىشنى تەلەپ قىلىش ھەم ئۇنى مەجبۇرىيەت دەپ چۈشىنىشكە تامامەن ھەقلىق بولسا كېرەك. ئۆز تارىخىنىڭ شەرەپلىك بەتلىرىدىن پەخىرلىنىش بىلەن نومۇسلۇق بەتلىرىدىن نەپرەتلىنىش شۇنىڭدەك بىچارە قىسمەتلىرىدىن تەئەججۈپلىنىش ھەم ئىبرەت ئېلىش روھى يېتىلدۈرگەن مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى بۈگۈنكى دۇنيا سىياسىي خەرىتىسىغا ئۆز ئورنىنى سىزالىغانلاردۇر .

ئۇيغۇرلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ياۋرو-ئاسىيا چوڭ شاھمات تاختىسىدىكى مۇھىم پېيچكىلىق رولىنى ئۆتۈگەن خەستىلىك تارىخنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك. ئۇيغۇر سىياسىي تەقدىرى يېقىنقى دەۋرلەرگە خاس كۆپلىگەن خەلقئارالىق كېلىشىملەر ۋە شەرتنامىلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، 19-ئەسىردىكى رۇسىيە بىلەن مەنچىڭ ئىمپېرىيىسى، 20-ئەسىردىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە يېڭى رۇسىيە بىلەن جۇڭگو ئارىسىدا تۈزۈلگەن شۇنىڭدەك ياۋرو-ئاسىيا سىياسىي تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك باشقىمۇ كۆپلىگەن تۈرلۈك كېلىشىملەرنى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ھاياتى بىلەن باغلاش تامامەن مۇمكىن .

چوڭ شاھمات تاختىسىدىكى قىسمەتلەرنىڭ بۇ قىسمىدا، ئۇيغۇر سىياسىي تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار خەلقارالىق شەرتنامىلەر ۋە كېلىشىملەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشنى مۇۋاپىق كۆردۈمكى، ئالدى بىلەن 1944-يىلى، 12-نويابىردا غۇلجىدا

قۇرۇلغان "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ" تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك جۇملىدىن ئۇيغۇرلار ئالاھىدە قىزىقىدىغان يالتا كېلىشىمى ھەققىدە توختىلىشنى مۇۋاپىق ھېسابلىدىم .

يالتا يىغىنىنىڭ دەۋر شارائىتى

يالتا يىغىنى ئېچىلغان دەۋر گىتلېر گېرمانىيىسىگە قارشى ئۇرۇش ھەل قىلغۇچ باسقۇچقا ، ئامېرىكا باشلىق ئىتتىپاقچىلارنىڭ تىنچ ئوكيان دۆلەتلىرىدىكى ياپونىيە ئىشغالىيەتچىلىرىگە قارشى ئۇرۇشمۇ ئاخىرقى باسقۇچقا كىرگەن، ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، تىنچلىق ۋەزىيەت يارىتىش ھەمدە يېڭى دۇنياۋى تەرتىپ ئورنىتىپ، خەلقنىڭ خاتىرجەم ھاياتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئومۇمىي بىر يۈزلىنىش ھەم ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بولۇپ قالغان چاغ ئىدى .

ئەينى ۋاقىتتا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئۈچ ئىتتىپاقچى دۆلەتنىڭ گېرمانىيە، ئىتالىيە ھەم ياپونىيە ئۈستىدىن غەلبە قىلىش ۋە باشقا جەھەتلەردىكى مۇددىئاسى بىر بولسىمۇ لېكىن، ئۇلار ئارىسىدا خەلقئارا سىياسىي شۇنىڭدەك ئىدىئولوگىيە جەھەتلەردە مۇئەييەن پەرقلەر ۋە توقۇنۇشلار مەۋجۇت ئىدى .

يالتا يىغىنىغا ئائىت يېزىلغان ئەسەرلەردىن مەلۇم بولۇشچە؛ ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيىنىڭ نەزىرىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنى كۆپلىگەن مەسىلىلەردە قايىل قىلىش ئۇلار ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى. ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاتوم بومبىسىغا ئىگە بولۇشىغا ئالاھىدە قىزىققان بولۇپ، بۇ خىل يادرو قورالىنىڭ ئۇلاردىن ئىلگىرىرەك سوۋېتنىڭ قولىدا بولۇشىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىسىز دەپ قارايتتى(3 ).

يىغىندا بىر قاتار مەسىلىلەر ھەل قىلىندى ھەم ياۋروپا ـ ئاسىيادىكى بىر قىسىم مەملىكەتلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ تەقدىرى قايتىدىن بىر تەرەپ قىلىندى .

پولشا مەسىلىسى

ئەنگلىيە باش مىنىستىرى چېرچىلنىڭ كۆپرەك كۆڭۈل بۆلگەن نۇقتىسى ياۋروپا فاشىزمىدىن ئازاد قىلىنغاندىن كېيىنكى گېرمانىيىنىڭ تەقدىرى ۋە پولشا مەسىلىسى بولۇپ، ئۇ پولشا مۇستەقىل يېڭى ھۆكۈمىتىنى تەسىس قىلىش مەسىلىسىدە چىڭ تۇردى. لېكىن، ستالىن بۇنىڭغا قوشۇلماي، پولشا مەسىلىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىخەتەرلىك نۇقتىسىدىن چىقىش قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، 30 يىل ئىچىدە پولشانىڭ ئىككى قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ھۇجۇملارنىڭ كارىدورى بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەھدىت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن موسكۋانىڭ مۇنداق باشقىلارنىڭ ھۇجۇملىرىغا كارىدور بولىدىغان جايىنى توسۇۋېتىشنى خالايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. چېرچىل150 مىڭدىن ئارتۇق پولشا پىداكارلىرىنىڭ ئىتتىپاقچىلار تەرىپىدە تۇرۇپ، گېرمانىيىگە قارشى جەڭ قىلغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، پولشانىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاشنىڭ ئادالەتكە بېرىپ تۇتىشىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى(4). ئامېرىكا پرېزىدېنتى

رۇزۋېلت بولسا، ئۇكرائىنىيە تەۋەسىدىكى لىۋوفنى پولشاغا قوشۇپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. لېكىن، ستالىن بۇنىڭغا قوشۇلمىدى. ئەمما، ئاخىرى تالاش-تارتىشلار ئارقىلىق بۇ ئىتتىپاقداشلار پولشا ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى تەسىس قىلىش قارارىغا كەلدى.ئەسلى ستالىننىڭ ئىدىيىسى بويىچە پولشا مۇستەقىل دولەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولماسلىقى كەرەك ئىدى.

گېرمانىيىنىڭ تەقدىرى مەسىلىسى

ئۇرۇشتىن كېيىنكى گېرمانىيىنىڭ تەقدىرى مەسىلىسى-1941 يىلىدا بېرىتانىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن مۇزاكىرە قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار بۇ دۆلەتنى بىر قانچە دۆلەتلەرگە پارچىلىۋېتىشنى ئويلاشقان ئىدى. مەزكۇر نۇقتا يالتا يىغىنىدا يەنە ئاساسي مۇزاكىرە نۇقتىسى بولۇپ قالدى ھەمدە ئۇرۇشتىن كېيىن گېرمانىيىنى پارچىلاش قارارلاشتۇرۇلۇپ، ئىتتىپاقچىلارنىڭ گېرمانىيىنى ئىشغال قىلىش دائىرىلىرى بېكىتىلدى(5 ).

يالتا يىغىنىدا يەنە يۇگوسلاۋىيە مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنىپ، مەزكۇر ئۈچ دۆلەت مارشال تىتونىڭ دەرھال فاشىزمغا قارشى كۈچلەرنى ئاساس قىلىپ، بىرلەشمە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇشنى قارار قىلدى( 6. )

يالتا يىغىنىدا يەنە باشقا مەسىلىلەرمۇ ھەل قىلىندى .

ئامېرىكا پرېزىدېنتى رۇزۋېلت، ئەنگىلىيە باش مىنىستىرى چېرچىل ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبىرى ستالىن ئارىسىدىكى مۇزاكىرىلەردە يەنە ئۇرۇش چىقىمى ئۈچۈن گېرمانىيىدىن 20 مىليارت دوللار تۆلەم ئېلىش، بۇنىڭ يېرىمىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىش قارار قىلىنغان بولسىمۇ، بىراق، موسكۋا پۇل ئېلىش بىلەنلا چەكلەنمەستىن يەنە ئەمگەك كۈچى، سانائەت ئەسلىھەلىرى، پاراخود ۋە باشقىلارغا ئىگە بولۇش تەلىپىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى(8 )

يالتا يىغىنىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر نەتىجىسى شۇكى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى قۇرۇش مەسىلىسىمۇ مۇزاكىرە قىلىنىپ،

ب د ت نىڭ تەسىس قىلىنىش يىغىنىنىڭ 1945-يىلى 25-ئاپرېلدا ئامېرىكىنىڭ سانفرانسىسكو شەھرىدە ئېچىلىشى بېكىتىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بولسا ئۇكرائىنىيە، بېلورۇسىيە قاتارلىق ئىككى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتنى ب د ت نىڭ ئەزاسى قىلىشنى قولغا كەلتۈردى. يىغىندا يەنە جۇڭگو بىلەن فرانسىيە ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىگە ب د ت نىڭ تەسىس قىلىش يىغىنىغا قاتنىششى ھەققىدە تەكلىپ بېرىش قارار قىلىندى. بەزى بىر مەلۇماتلاردا جۇڭگونى ب د ت غا كىرگۈزۈشكە ستالىن قارشى چىققان ئىكەن(9 ).

يالتا كېلىشىمى ئەينى ۋاقىتتا مەخپىي كېلىشىم بولۇپ، بۇنىڭغا جۇڭگو رەھبىرى جاڭ كەيشى، فرانسىيە ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ داھىسى گېنېرال دېگول قاتارلىقلار تەكلىپ قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ نارازىلىقلىرى قوزغالغان. ئەمما دۇنياۋى يېڭى تەرتىپ يەنىلا رۇزۋېلت، چېرچىل ۋە ستالىن قاتارلىق ئەينى ۋاقىتتا دۇنيا ۋەزىيىتىنى تەڭشەش ئىقتىدارىغا ئىگە، زاتەن فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن ئەڭ زور بەدەل تۆلەپ، دۇنيانىڭ سىياسىي تەقدىرىنى ئۆزگەرتكەن ئۈچ ئىتتىپاقچى دۆلەت رەھبەرلىرى پۈتۈشكىنىدەك ئورنىتىلدۇ خالاس .

يالتا كېلىشىمى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ؟

يالتا يىغىنىدا ئامېرىكا پرېزىدېنتى رۇزۋېلت، ئەنگلىيە باش مىنىستىرى چېرچىل ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبىرى ستالىنلار ياۋروپاغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردىن باشقا يەنە ئاسىياغا جۈملىدىن سوۋېت -جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرى ھەم ياپونىيىنىڭ تەقدىرىگە ئائىت مەسىلىلەرنىمۇ مۇزاكىرە قىلىپ، كېلىشىم ھاسىل قىلغان ئىدى. يالتا كېلىشىمىنىڭ سوۋېت -جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرىگە ئائىت قىسمىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۆزۈندىن بۇيان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا غۇلغۇلىلار داۋام قىلماقتا. بۇ ھەقتە ھەم تۈرلۈك ئانالىزلار ۋە كۆز قاراشلار مەيدانغا چىقماقتا .

بىر قىسىم خەلقارا مۇناسىۋەتلەر مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قارىشىچە؛ ئۇيغۇرلارنىڭ 20-ئەسىردىكى سىياسىي تەقدىرى مەزكۇر يالتا كېلىشىمى بىلەن مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا باغلىنىشلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازادلىق قوزغىلاڭلىرى نەتىجىسىدە 1944-يىلى 12-نويابىردا قۇرۇلغان ئۇيغۇر ئېلى جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەقدىرىنى ئەنە شۇ ستالىن، چېرچىل ۋە رۇزۋېلت قاتارلىق رەھبەرلەر ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن يالتا كېلىشىمىنىڭ جۇڭگو ۋە موڭغۇلىيىگە ئائىت ماددىلىرى بىلەن باغلاپ تەھلىل قىلىشنىڭ رېيال ئاساسى بار .

ئامېرىكا جورجى تاۋن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ پاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى جېمىس ملىلۋارد ئەپەندىنىڭ قارىشىچە؛ يالتا يىغىنىغا گەرچە جاڭ كەيشى قاتناشمىغان بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگوغا ئائىت قارارلار قوبۇل قىلىندى. يىغىندىن كېيىن،1945-يىلى 8-ئايدا ستالىن بىلەن جاڭ كەيشى ھۆكۈمىتى ئارىسىدا كېلىشىم تۈزۈلدى. نەتىجىدە، 1944-يىلى، 12-نويابىر كۈنى غۇلجىدا قۇرۇلغان "جۇمھۇرىيەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى"مۇ ئۇرۇش توختىتىپ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارنى جاڭ كەيشى ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈشكە ئەۋەتتى .بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە ئەشۇ يالتا يىغىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك(10 ).

كۆپىنچە تارىخشۇناسلارنىڭ ۋە تارىخىي شاھىدلارنىڭ ئورتاق يەكۈنچە،" ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ" گومىنداڭغا قارشى ئۇرۇشنى توختىتىپ، تىنچلىق بىتىم تۈزۈشى ئەمەلىيەتتە ستالىننىڭ بۇ ھۆكۈمەتكە ئىشلەتكەن بېسىمى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر . ستالىن شۇ كېلىشىمدىن كېيىن، ئىلى مەسىلىسنى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى تەرىقىسدە ھەل قىلىشقا تەييارلىق قىلىپ بولغان ئىدى.(11)

جۇمھۇرىيەت باش كاتىپى ئابدۇرەۋۇپ مەخسۇم ئىبراھىمى 2003 ـ يىلى، نويابىرئىيىدا تېلېفون ئارقىلىق مەزكۇر قۇرلارنىڭ ئاپتورىغا مۇنداق دېگەن ئىدى؛

"بىتىم دېگەننى بىز چىقارغان ئەمەس، ئۇنى ستالىن چىقارغان، بىز ئۇنىڭغا قارشى چىققان، شۇنچىۋالا غەلىبە قىلىۋاتقان بىز قانداقسىگە يېڭىلىۋاتقان دۈشمەن بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىمىز؟ سۆھبەت قىلىمىز دېگەن بىز ئەمەس ئالدى بىلەن ئەشۇ جۇڭگو ھەم سوۋېت. ستالىن بىزگە بېسىم ئىشلەتتى ،بىزنىڭ ئۇنى ئاڭلىماسلىققا نېمە ھەددىمىز؟ بىز ئەشۇ ستالىنغا ئىشەنگەن ئىدۇق، ئەشۇ گېنېراللارنىڭ مەسلىھەتلىرىنى ئاڭلىدۇق، ھەربىي ھوقۇق شۇلارنىڭ قولىدا، پۈتۈن قوماندانلار شۇلاردىن تۇرسا، لىكىن ستالىن دېگەن بۇ بەدبەختنىڭ ئەسلى مەقسىدى بىزنى ئالداپ، ئۆزىمىزنىڭ قېنى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ گۆشنى قورۇش ئىكەن".(12).

ئەمەلىيەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىن ئاشكارىلانغان ئارخىپ ماتېرىياللىرىغا قارىغاندا، ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتايدا قوزغالغان مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىگە سوۋېت ئىتتىپاقى باشتىن ئاخىرى قول تىققان بولۇپ، ئىنقىلابنىڭ دەسلىۋىدىلا تەشكىللەش، ئۇيۇشتۇرۇش ھەم تەشۋىقات پائالىيەتلىرى ئېلىپ بارغان. ئەلىخان تۆرە ، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ قاتارلىقلار رەھبەرلىكىدىكى " ئازادلىق تەشكىلاتى"نىڭ تەسىس قىلىنىشىغا غۇلجىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلللىرى داباشىن ۋە بورىسوپ قاتارلىقلار ئارىلاشقان. جۇمھۇرىيەت باش كاتىپى ئابدۇرەۋۇپ مەخسۇم ئىبراھىمنىڭ بىلدۈرۈشچە، ئازادلىق تەشكىلاتى بىلەن سوۋېت كونسۇللىرى (داباشىن ۋە بورىسوپ قاتارلىقلار) ئارىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ خۇددى تاشقى موڭغۇلىيىگە ئوخشاش ھۆكۈمەت بولۇشىغا ياردەم بېرىدىغانلىقى ھەققدە ئاغزاكى كېلىشىم بولغان(13) . غۇلجىنىڭ بىر قىسمى ئازاد بولۇپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن موسكۋا ئەۋەتكەن گېنېرال ئېگناروۋ ۋە گېنېرال لانفاڭ قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى ھەربىي ـ سىياسىي ۋەكىللەر ئۆمىكى غۇلجىغا يېتىپ كېلىپ،ـ1 ۋە 2 ـ نومۇرلۇق ئۆينى تەسىس قىلىپ، جۇمھۇرىيەتنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا دېگۈدەك مەسلىھەتچىلىك قىلغاندىمۇ جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرى بىلەن ئەشۇ يۇقىرى دەرىجىلىك سوۋېت ۋەكىللىرى ئارىسىدىكى سۆھبەتلەردە ئۇلار ئۇيغۇرلارغا ياردەم قىلىدىغانلىقنى بىلدۈرگەن.(14). سوۋېت ن ك ۋ د ئالاھىدە خىزمەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى گېنېرال مايور ئېگناروپ ئۇيغۇر ئېلى ھۆكۈمىتىگە مەسلىھەتچىلىك قىلغان بولۇپ، گېنېرال لانفاڭ ئۇنىڭ ياردەمچىسى ئىدى.

بۇلار ھەر ھەپتىدە دېگۈدەك ستالىن، مولوتوۋ ۋە بېرىياغا ئىلىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە دوكلات يوللاپ تۇرغان.(15) ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ھەممە پائالىيەتلىرى ستالىن قاتارلىقلارغا ئايدىڭ بولۇپ، ستالىن ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇپلا قالماستىن بەلكى بېرىيا ۋە مولوتوۋلار ئارقىلىق ھەم بەلگىلىمە بېرىپ تۇرغان ئىدى .

يالتا يىغىنىدا ستالىن ئۆزىنىڭ ئەسلى مۇددىئاسىنى پاش قىلىپ، جۇڭگو ۋە موڭغۇلىيە مەسىلىسىدە كۆزلىگەن مەقسىتىگە يەتكەن بولسىمۇ، بىراق، تېخى جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇق شەرتنامىسى تۈزۈلمىگەنلىكى ھەمدە يالتا كېلىشىمىدە ئېرىشكەن مەنپەئەتلىرى رەسمى يوسۇندا كاپالەتكە ئىگە بولدى دەپ ئىشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن ، ئۆزىنىڭ ئىلى ئىنقىلابچىلىرىغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى بىردىنلا ئۆزگەرتمىدى ھەمدە ئۇلارنىڭ 1945-يىلى 8-ئاپرېلدا مىللىي ئارمىيە تەسىس قىلىش ۋە مۇنتىزىم ھالدا داۋاملىق ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىگە ھەمدە جەنۇبىي يۆلۈنۈشكە قاراپ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى ھەربىي، مەنىۋى جەھەتلەردىن قوللىدى شۇنىڭدەك مۇستەقىللىق شۇئارىنىڭ كەڭ ئەۋجى ئېلىشىنى قوللاپ، ئابدۇرەۋۇپ مەخسۇم ئىبراھىمى ئېيتقاندەك جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن خەلقنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈردى. يالتا يىغىنىدىن ۋە موسكۋانىڭ ئەسلى مەقسىتى ھەم سىياسىي ئىستراتېگىيىسىدىن خەۋەرسىز قالغان جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرى پەقەت جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى رەسمى سۆھبەت باشلاپ، موسكۋادا ئىككى تەرەپ رەسمى كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، ستالىن جاڭ كەيشىنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولغاندىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنى تىنچلىق بىتىمگە قىستىغاندىلا ئاندىن ستالىننىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشكە باشلىدى. ستالىن ۋەكىللىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرى ئىنقىلابچىلارغا بەرگەن ۋەدىلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنى بىتىمگە قىستىغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ قاتارىدا ستالىننىڭ يالتا كېلىشىمىدە قولغا كەلتۈرۈۋالغان ئىمتىيازلىرىنىڭ جاڭ كەيشى تەرىپىدىن جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇق شەرتنامىسى ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە قىلىنغانلىقى، ئەمدى بۇ ئىنقىلابنىڭ ستالىن ئۈچۈن كېرەك ئەمەسلىكىدىن ئىبارەت خەلقارا سىياسىي ۋە دىپلوماتىيىلىك ئامىللاردىن ئەينى ۋاقىتتا جۇمھۇرىيەت رەئىسى ئەلىخان تۆرە ۋە باشقا ئەربابلارنىڭ قانچىلىك خەۋەر تاپقانلىقى نامەلۇم. چۈنكى، ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ماتېرىياللاردا يالتا يىغىنى ۋە كېيىنكى سوۋېت- جۇڭگو شەرتنامىسىدىن ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرى خەۋەر تاپقان ياكى تاپمىغانلىقى، تاپقان بولسىمۇ قانچىلىك دەرىجە ۋە سەۋىيىدە ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۇچۇر يوق.

يالتا يىغىنى جەريانىدا " ئىلى ھۆكۈمىتى" مەسىلىسىنىڭ مۇزاكىرە تېمىسى بولغانلىقى ياكى بولمىغانلىقى ھەققىدە ھازىرچە ئېنىق پاكىت يوقلۇقىنى، ئەمما مەزكۇر جۇمھۇرىيەتنىڭ تەقدىرىنىڭ ئەشۇ يالتا يىغىنىدىن كېيىن ستالىن بىلەن جاڭ كەيشى

ئوتتۇرىسىدىكى سوۋېت -جۇڭگو دوستلۇق شەرتنامىسىدىكى بەلگىلىمىلەر بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن رۇسىيەدىكى بارنائۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ پروفېسسورى، ئىلى ئىنقىلابىغا ئائىت سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخىپ ماتېرىياللىرىنى تەتقىق قىلغان دوكتور ۋالېرىي بارمىن ئەپەندىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇشىچە، ئەنە شۇ يالتا يىغىنىدىن كېيىن ستالىن ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەپ، قوزغىلاڭچىلارغا قورال- ياراق بەرمەسلىككە ۋە ياردەم قىلماسلىققا قارار قىلدى . چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بۇزىۋېلىشنى خالىمايتتى، قىسقىسى " باشتا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشنى قوللاپ، ئاخىرى ئۇنى قۇربان قىلىۋېتىشتەك ناھايىتى مەينەت بىر ئويۇننى ئوينىدى"(16 (

بىر قىسىم ئۇيغۇر زىيالىلىرىنىڭ چۈشىنىشىچە، يالتا يىغىنىدا ستالىن بۇ جۇمھۇرىيەتنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ مانجۇرىيىدىكى مەنپەئەتلىرىنى ساقلاپ قالغان. ئۇ، يالتا يىغىنىدىكى كېلىشىملەرگە ئاساسەن جۇڭگو بىلەن شەرتنامە ئىمزالاپ، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنى جۇمھۇرىيەت نامىنى ئىشلەتمەسلىككە قىستىغان .
يالتا كېلىشىمىنىڭ ماددىلىرىدا ئۇيغۇر ئېلىغا جۈملىدىن غۇلجىدا تەسىس قىلىنغان شەرقىي تۈركىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىگە ئائىت ھېچقانداق ماددا يوق .بۇ نۇقتا كېلىشىم تەركىبىگە كىرگۈزۈلمىگەن. ئەمما، بۇ ھەرگىزمۇ مەزكۇر مەسىلىنىڭ نەزەردىن ساقىت قىلىنغىنىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك نۇقتا دەل يالتا كېلىشىمىنىڭ سوۋېت -جۇڭگو- ياپونىيە ماددىلىرى بىلەن باغلىنىشلىقتۇر .
ئامېرىكا ئالىمى يازغان "رەقىبلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار "ناملىق كىتابقا ئاساسلانغاندا ، مەزكۇر يىغىندا ستالىن موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قېلىش، مانجۇرىيە ۋە باشقا جايلاردىكى ئىمتىيازلارغا ئېرىشىش بەدىلىگە ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭىدىن قۇرۇلغان ھاكىمىيىتىنى مۇنقەرز قىلغان. (17) لېكىن، جۇمھۇرىيەت باش كاتىپى، مەرھۇم ئابدۇرەۋۇپ مەخسۇم ئىبراھىمى "يالتىدا پۈتۈشۈلگەن كېلىشىم بويىچە ستالىن بۇ ھۆكۈمەتنى يوقاتتى، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىقىنى قۇربان قىلدى دېگەن پىكىرگە قوشۇلمايمەن. بىزنىڭ تەقدىرىمىزنى پەقەت يالتا يىغىنىغا باغلاش ناتوغرا، مېنىڭچە بىزنىڭ تەقدىرىمىز ستالىنىنىڭ قولىدا ئاللىقاچان بەلگىلەنگەن بولۇپ، ستالىنىنىڭ ئەسلى نىيىتىدە بىزنى مۇستەقىل قىلىش يوق. ئۇ، ئۆز پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، بەرىبىر بىزنى قۇربان قىلار ئىدى. ئۇ، پەقەت ئۆز كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈنلا بىزنى قوللىغان ئىكەن. ستالىنىنىڭ نىيىتىدە ئادىمىلىك يوق، ئۇنىڭ بىزگە قىلغىنى، بىزنى ئالداپ، ئۆزىمىزنىڭ مېيىمىز بىلەن ئۆزىمىزنىڭ گۆشىنى قورىدى، ئاخىرىدا بىزنى ئالداپ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىغا تۇتۇپ بەردى خالاس، مانا

بۇ ئۇنىڭ بىزگە قىلغىنى" دەيدۇ(18) دېمەك، يۇقىرىدا ئېيتىلىۋاتقان سۆز "ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ" ئۇيۇشتۇرۇلىشىدىن تارتىپ تاكى جۇمھۇرىيەتىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە ئۆز ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرىشكىچە بولغان مەزگىلدە مەخسۇس دۆلەت ئىشلىرى باش كاتىپلىق ۋەزىپىسى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرى ھەم پىلانلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بىر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەربابنىڭ خۇلاسىسى بولۇپ، ئابدۇرەۋۇپ مەخسۇم ئىبراھىمى ئەلىخان تۆرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلىرى ۋە كونسۇللىرى بىلەن بولغان ھەر بىر ئۇچرىششلىرىغا ئاساسەن دېگۈدەك ئىشتىراك قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەينى ۋاقىتتىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياستىنى بىر قەدەر ياخشى چۈشەنگەن ئىدى .

يالتا يىغىنىدا ستالىن نېمىلەرنى تەلەپ قىلدى؟

تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا يالتا يىغىنى جەريانىدا 1945-يىلى 2-ئاينىڭ 8-كۈنى ستالىن بىلەن ئامېرىكا پرىزىدېنتى رۇزۋېلت مەخسۇس سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىش شەرتلىرى ھەققىدە سۆھبەتلەشكەن ھەمدە بۇ ئۈچ دۆلەت رەھبەرلىرى 11-فېۋرال كۈنى كېلىشىم ھاسىل قىلغان. ئامېرىكا تەرەپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتنىششىنى ئۈمىد قىلغان بولۇپ، ستالىن بۇنىڭ ئۈچۈن "تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مەۋجۇت ھالىتىنى ساقلاش، دالىيەننى سودا پورتى قىلىپ خەلقئارالاشتۇرۇش ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى لۈشۈن پورتىنى ھەربىي بازا قىلىپ كىراغا ئېلىش. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو مانجۇرىيە تۆمۈر يولىنى ئورتاق باشقۇرۇش شۇنىڭدەك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىمتىيازلىق ھوقۇقى ۋە جۇڭگونىڭ مانجۇرىيىدىكى ئىگىلىك ھوقۇقى كاپالەتكە ئىگە بولۇش ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن دوستلۇق شەرتنامىسى تۈزۈش" قاتارلىق شەرتلەرنى قويۇپ، ئاخىرى رۇزۋېلت ۋە چېرچىلنىڭ قوشۇلۇشقا ئېرىشتى. نەتىجىدە، يۇقىرىدىكى مەزمۇنلار يالتا كېلىشىمدىن ئورۇن ئالدى .

سوۋېت ئىتتىپاقى 1941-يىلى ياپونىيە بىلەن تۈزگەن ئۆزارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق كېلىشىمنى بىكار قىلىپ، گېرمانىيىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇش ئېچىشقا ماقۇل بولدى. بۇ چاغ ئامېرىكىنىڭ تىنچ ئوكيان رايونىدىكى ياپونىيە قوشۇنلىرىغا قارشى ئۇرۇشلىرى غەلىبىگە قاراپ مېڭىپ، ئۇرۇش لىنىيىسى ئاراللاردىن ئۆتۈپ، ياپونىيە زېمىنىغا قاراپ تەرەققى قىلىۋاتاتتى، ئەگەردە سوۋېت ئىتتىپاقى مانجۇرىيىدىكى ياپونىيىنىڭ تەخمىنەن بىر مىليون كىشىلىك كانتون ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلسا، بۇ پۈتۈن جۇڭگو قۇرۇقلۇقىدىكى ياپونىيە قوشۇنلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى تېزلىتىپلا قالماستىن بەلكى، ياپونىيىنىڭ تىنچ ئوكياندا تامامەن مەغلۇپ بولۇپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تەسلىم بولۇشنى قولغا كەلتۈرگىلى ھەمدە ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ چىقىملىرىنى ئازلاتقىلى بولاتتى. ياپونىيىنىڭ تەسلىم

بولۇشنى قولغا كەلتۈرگەندە، پۈتۈن دۇنيادا ئۇرۇش ئوتلىرىنى تولۇق ئۆچۈرۈپ، دۇنيا ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشنى قولغا كەلتۈرگىلى بولاتتى. ئەلۋەتتە، شۇنى تەكىتلەش مۇمكىنكى، ئەگەردە تىنچ ئوكيان رايونىدا ئامېرىكىنىڭ تۆت يىلدىن ئارتۇق ئۇرۇش قىلىپ، تىنچ ئوكيان رايونىنى ئازاد قىلىشى ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مانجۇرىيىگە كىرىپ، ياپونىيە قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىشى بولمىغان بولسا، جۇڭگونىڭ ياپونلار ئىشغالىيىتىدىن 1945-يىلى 8-ئايدا ئازاد بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بەلكى، جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشى يەنە قانچە يىللار داۋاملىششىنى پەرەز قىلىش تەس.

يالتا يىغىنىنىڭ ئەڭ چوڭ ئەھمىيىتىنىڭ بىرى شۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقى قانچىلىك مەنپەئەتكە ئېرىشسۇن، بەرىبىر ئاخىرقى ھېسابتا بۇ جۇڭگونىڭ چوڭ بىر دۆلەت بولۇپ قېلىشى ئۈچۈن پايدىلىق بولدى. كېيىنكى، ماۋزېدۇڭ ستالىنىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلەپ بولغاندىن كېيىن بەرىبىر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەمدە ئىلگىرىكى چار رۇسىيىنىڭ ئازغىنا كەم بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت تىكلىگەن مانجۇرىيىدىكى مەنپەئەتلىرىنى بىكار قىلىپ، بۇ جايدىن رۇس تەسىرىنى تازىلىۋەتتى خالاس !

**يالتا كېلىشىمىدىن كېيىنكى سوۋېت-جۇڭگو كۈرىشى**

ئەگەردە ئىلىدا قۇرۇلغان جۇمھۇرىيەت مەسىلىسى يالتا يىغىنىدا مەخسۇس تۈردە مۇزاكىرە قىلىنمىدى دېگەندە ، بۇنى ستالىنىنىڭ "مەزكۇر جۇمھۇرىيەت مەسىلىسىنى " خەلقئارالاشتۇرماي ، ئۇنى پەقەت ئۆزىنىڭ يالتا كېلىشىمىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىلا ئىشلەتتى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەگەردە بۇ مەسىلە يالتا كېلىشىمىدە مۇزاكىرە قىلىنسا بەلكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا كۆزلىگەن مەقسىتى ئۇنىڭ ئىتتىپاقچىلىرىنى شۈبھىلەندۈرۈشى ھەتتا بۇ مەسىلىنىڭ خەلقارا جەمئىيەت تەرىپىدىن تونۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى، چۈنكى، سوۋېت ھۆكۈمىتى ئىلى ئىنقىلابىنى قوللىغانلىقىنى، ھەتتا جۇمھۇرىيەتنى ھەربىي -سىياسىي كادىرلار شۇنىڭدەك ھەربىي ئەسلىھەلەر بىلەن تەمىنلىگەنلىكىنى ئەزەلدىنلا مەخپىي تۇتقانلىقى ئۈچۈن بەلكى بۇ مەسىلىنى مەزكۇر سورۇنغا ئېلىپ چىقماي، پەقەت ئۇنى جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىسىدىلا مۇزاكىرە قىلىشقا قالدۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆز ئالدىغا پايدىلانغان بولۇشى مۇمكىن. سوۋېت ئىتتىپاقى ئەينى ۋاقىتتا ئىلىدا يۈز بەرگەن ئىنقىلاب ۋە تەسىس قىلىنغان ھۆكۈمەتنى ھەربىي ھەم سىياسىي جەھەتتىن قوللىغانلىقىنى قەتئىي ئېتىراپ قىلمىغان بولۇپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى غەرب دىپلوماتلىرىغا بۇ ۋەقەنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئويناپ چىققان دەپ تەشۋىق قىلىشقا ، ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلىغا ئەسكەر كىرگۈزگەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشقان ھەمدە جۇڭگو مەركىزىي گېزىتلىرى بۇنداق ئۇچۇرلارنى تارقاتقان. چوڭچىڭدىكى غەرب دىپلوماتلىرى پەقەت جۇڭگو مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئارقىلىقلا "ئىلى ۋەقەسى"

ھەققدە ئۇچۇرغا ئىگە بولغاندىن سىرت يەنە ئۇرۇمچىدىكى ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا كونسۇلخانىلىرىمۇ ھەر خىل يوللار ئارقىلىق ھەمدە ئۇرۇمچىدىكى گومىنداڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى ئارقىلىق دىپلوماتىيىلىك يول بىلەن "ئىلى ۋەقەسى " ھەققىدە قىسمەن ئۇچۇرلارغا ئېرىشكەن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللىي ئارمىيىنى ماناس دەرياسى بويىدا توختىتىپ قويۇپ، ئۇرۇمچىگە كىرگۈزمەسلىكىنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرى بەلكى، ئۇرۇمچىدە ئەشۇ غەرب دىپلوماتلىرىنىڭ بارلىقى، ئەگەر ئىلى ئارمىيىسى ئۇرۇمچىنى ئىشغال قىلغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بېرىۋاتقان ياردەملىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىنى خالىمىغانلىقى بولسا كېرەك .

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دەسلەپتىلا كەڭ كۆلەملىك ئىنقىلاب قوزغاش پىلانىنى ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھىندىستان شۇنىڭدەك ئافغانىستان بىلەن چېگرىلىنىدىغان ئۇيغۇر ئېلىنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىدا ئەمەس، بەلكى تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى غەرب دۆلەتلىرى بىلەن چېگرىسى بولمىغان ، پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقى ھەم سوۋېت ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى موڭغۇلىيە بىلەنلا چېگرىلىنىدىغان ئىلى، ئالتاي ۋادىسىدا قوزغىشى تەسادىپىي ئەمەس ئىدى. شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنى پەقەت ئالتاي ۋ تەڭرى تاغلىرىنىڭ ئارىسىدىكى جۇڭغارىيە ئويمانلىقى دائىرىسىدىلا چەكلەپ، مەركىزىي جايغا جەنۇپ ۋە شىمال ياكى شەرقتىن ھېچقانداق غەيرى كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرەلمەسلىكى ھەمدە ئۇچۇر ئىگىلىيەلمەسلىكىدەك ۋەزىيەت بەرپا قىلدى. بۇ خىل جۇغراپىيىلىك مۇھىت ھەم موسكۋانىڭ ئىنقىلابنى كېڭەيتىۋەتمەي، ئۆز قولىدا كونترول قىلىشى ئۈچۈن قولايلىق شارائىتلار بىلەن تەمىنلىدى. ئەگەردە مۇتلەق كۆپ قىسىم نوپۇس ئۇيغۇرلاردىن تەركىپ تاپقان، تارىم ۋادىسى جۇملىدىن قەشقەرنى مەركەز قىلىپ، ئىنقىلاب قوزغالسا ھەمدە ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى غۇلجىنى ئەمەس بەلكى، قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا مەۋجۇت بولغان بولسا، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەركىزىي جۇمھۇرىيەتنى ئۆز مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىشى ھەمدە ئۇنىڭغا ھەربىي ۋە باشقا جەھەتلەردىن ياردەم بېرىپ، ھەممە ئىشلارنى قامال قىلىشىنى بىرىنچىدىن قەشقەرىيە بىلەن قوشنا ئۇلۇغ بېرىتانىيىدىن ۋە باشقا مەملىكەتلەردىن يوشۇرالمايتتى. بۇ ئىش تېزدىنلا پۈتۈن دۇنياغا بىلىنىپ كېتەتتى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشى بويىچە ئالغاندا بۇنىڭغا "ئىنگىلىزلار قول تىقىشى مۇمكىن ئىدى ."

ئىككىنچىدىن بۇ شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنى ئۇنچە ئاسان يوق قىلالمايتتى شۇنىڭدەك بۇ ھۆكۈمەتنى قاتتىق كونتروللۇق ئاستىغا ئالالمايتتى .بۇنىڭدىكى سەۋەبلەر تۆرلۈك بولۇپ، بىرىنچىدىن قەشقەردە 1933 ـ 1937 ـ يىللىرى موسكۋا كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۇيغۇر قوزغىلاڭلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئەسلىدىنلا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىشەنمەسلىك ۋە قارشىلىق ئىدىيىلىرى مەۋجۇت .

ئۈچىنچىدىن بۇ جايدىكى مىللىي تەركىپ شىمالدىن پەرقلىق بولۇپ، قەشقەرىيە

تەۋەسىدە ئۇيغۇرلار٪90 تىن ئارتۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جايدا رۇسلارنىڭ بىۋاستە مەدەنىيەت ھەم سىياسىي تەسىرىگە ئۇچرىغان تاتارلار ھەم رۇس كۆچمەنلىرى يوق دېيەرلىك بولۇپ، ئاز ساندىكى قىرغىزلار ۋە ئۆزبېكلەر شۇنىڭدەك تۇڭگانلارنىڭ ئىنقىلابقا قاتنىششى ئەمما، مۇھىم سالماقنى ئىگىلىيەلمەسلىكى تەبىئىي ئىدى. بىراق، ئىلىدىكى جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىدە ئۇيغۇرلاردىن باشقا مىللەتلەر بۇ ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي ۋە ھەربىي رەھبىرىي خىزمەتلىرىدە مۇھىم سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، بۇلار ئارىسىدا سوۋېت تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئىنقىلابنى كونترول قىلىشتا باشقا مىللىي تەركىپلەردىنمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلانغان ئىدى .

تۆتىنچىدىن قەشقەرىيەدىكى ئاھالىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بولغاچقا بۇ جاي ئەزەلدىنلا ئىسلام دۇنياسى بىلەن مەنىۋى باغلىنىشقا ئىگە بولۇپ كەلگەن. ئىسلام دىنىي ئېتىقادى ھەم مىللىي مەنەنىيەت ئېڭى كۈچلۈك بولۇشتىن سىرت بۇ جايدا سوۋېت تەسىرىدىن باشقا يەنە تۈرك دۇنياسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسلام دۇنياسىنىڭ تەسىرى ھەمدە غەرب دۆلەتلىرىنىڭ يوشۇرۇن سىياسىي تەسىرلىرىمۇ مەۋجۇت ئىدى. ئىدېئولگىيىلىك جەھەتتىن ئېيتقاندا، كوممۇنىزمغا قارشى پىكىرلار ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ، ئىسلامىي گۈللىنىش، تۈركچىلىك پىكىرلىرى بىلەن يۇغۇرۇلغان مۇستەقىللىق ئىدىيىلىرى مەۋجۇت ئىدى. دېمەك، موسكۋا 1943 ـ يىلى "شىنجاڭدا" شىڭ شىسەيگە قارشى ھەرىكەت قوزغاش ئىستراتېگىيىسىنى تۈزگەندە، شىمال بىلەن جەنۇبنى سېلىشتۇرۇپ، يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارنى نەزەرگە ئېلىپ، ئاخىرى ئىلى ۋادىسىنى بازا قىلىشنى تاللىۋالغان ئىدى.(19)

يالتا كېلىشىمىدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مولوتوۋ جۇڭگو ۋە غەرب دىپلوماتلىرىغا ئىلى ۋەقەسىنىڭ " تېز ئارىدا ھەل بولىدىغانلىقىنى " كۆرسەتكەن بولسىمۇ(20)، لېكىن، موسكۋا بەرىبىر مىللىي ئارمىيىنىڭ داۋاملىق ھۇجۇم قوزغاپ، ماناس دەرياسى بويىغىچە كېلىشكە توسقۇنلۇق قىلمىغان. بۇنىڭدىكى سەۋەب ستالىن بۇ جاڭ كەيشى ھۆكۈمىتىنى يالتا كېلىشىمىدىكى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقى ھەم باشقا بىر قاتار شەرتلەرگە ماقۇل كېلىشكە قىستاشتىكى بىر ۋاستە قىلغان بولۇپ، موسكۋا ئىنقىلابنىڭ ئاخىرقى چېكىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئەسلىدىنلا بېكىتىپ بولغان بولۇپ، پەقەت جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى موسكۋانىڭ يالتا كېلىشىمىدە كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان شەرتلىرىگە كۆندۈرۈشكىچە بولغان ئارىلىقنى چەك قىلغان ئىدى. شۇڭا سوۋەت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىرىنچىدىن "شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى"نىڭ ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىش تەلىپىنى رەت قىلغان .

ئىككىنچىدىن بۇ ھۆكۈمەتنى خەلقئارا جەمىيەتتىن خۇپپىيانە تۇتۇپ، ئۇنىڭ خەلقارا جەمىيەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان. شۇ ۋەجىدىن ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا، دەرھال بارلىق ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى ھەمدە ھەر قايسى مىنىستىرلىكلەر تەسىس قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما موسكۋا مەسلىھەتچىلىرى مەزكۇر جۇمھۇرىيەتنىڭ

تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقنى قۇرۇشنى قوللىمىغان. جۇمھۇرىيەت باش كاتىپى ئابدۇرەۋۇپ مەخسۇم ئىبراھىمنىڭ ئېيتىشىچە، سوۋېت مەسلىھەتچىلىرى ئۇلارغا ھازىرچە بۇنداق مىنىستىرلىقنى قۇرۇشنىڭ تېخى ۋاقتى كەلمىگەنلىكىنى، كېيىن تولۇق غەلىبىدىن كېيىن ئۇنى قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، موسكۋاغا قاتتىق ئىشەنگەن جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرى بۇنىڭغا ماقۇل بولغان.(21 )

ستالىن رازۋېتكىسى ئىنقىلابنى خەلقئارالاشتۇرماسلىق ئۈچۈن ئىشلىدى

تارىخىي پاكىتلار بولۇپمۇ، يېقىنقى يىللاردا ئاشكارىلانغان نەق ئارخىپ ماتېرىياللىرى كۆرسەتتىكى ،موسكۋا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن باشقا ھەر قانداق دۆلەت بىلەن ئالاقە قىلىشىنى ھەمدە بۇ جۇمھۇرىيەت دائىرىسىگە باشقا دۆلەت كۈچلىرىنىڭ كىرىشىنى قاتتىق چەكلىگەن بولۇپ، ھەتتا جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرىنىڭ باشقا دۆلەتلەر ھەمدە كۈچلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىش ئارزۇسىنى ئېنىقلاش ۋە ئۇنى قامال قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس رازۋېتكا خادىملىرىنى ئىشقا سالغان .

سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئىلى ئىنقىلابى باشلىنىشتىن ئىلگىرىلا قازاقىستان ،قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستان تېررىتورىيىلىرىدە ھەربىي-سىياسىي تەشكىللەش پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرغاندى سىرت يەنە تاشكەنت ۋە ئالمۇتا شەھىرىدە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنى ئىشقا سېلىپ، "شەرق ھەقىقىتى" ۋە " قازاق ئېلى" قاتارلىق جۇرناللارنى نەشر قىلىپ، ئۇنىڭ ئىلى، تارباغاتاي ۋە باشقا رايونلارغا كىرگۈزگەن (22). بۇ جۇرناللاردا ئۇيغۇرلارنى مۇستەقىللىققە ئۈندەيدىغان ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇت ھالىتى ھەمدە تارىخىي ئۆتمۈشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ماقالىلار كۆپلەپ ئېلان قىلىنغان بولۇپ، 1943-1944-يىللىرىدا مەزكۇر جۇرناللار ئىلى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىغا تارقالغان. مەزكۇر جۇرناللارنىڭ ئاساسلىق تەشكىللىگۈچىلىرى ۋە تەھرىرلىرى ھەم ئاپتورلىرى ئاتاقلىق سوۋېت ئۇيغۇر رەھبىرى ئابدۇللا رۇزىباقىيېفنىڭ ئىنىسى ئابدۇمېجىت رۇزىباقىيېف، سىياسىي ئەرباب تۇرسۇن رەھىموف، ۋە ئاتاقلىق شائىر قادىر ھەسەنوپ ھەمدە ئاتاقلىق ئۇيغۇر تارىخچىسى ئەرشىدىن ھىدايەتوف ۋە باشقىلار ئىدى(24.)

شەرق ھەقىقىتى جۇرنىلى ئالدى بىلەن ئاتاقلىق سوۋېت ئۇيغۇر سىياسىيونى تۇرسۇن رەخىموپ باشقۇردى . 1944-يىلى 12-نويابىردا غۇلجىدا جۇمھۇرىيەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن تۇرسۇن رەخىموپ موسكۋاغا چاقىرتىلىپ، سوۋېت كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىلى ئىنقىلابى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىگە ئائىت خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان ئىكەن. ھەتتا، بەزى ئېنىقسىز ئۇچۇرلارغا قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئادەم مەخپىي رەۋىشتە غۇلجىغا بىر قانچە قېتىم كېلىپ كەتكەن ئىكەن. تۇرسۇن رەخىموپتىن كېيىن بۇ جۇرنالنى تارىخچى ئەرشىدىن ھىدايەتوپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇمېجىت روزىباقىيېف باشقۇردى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مەخپىي كىرگەن مەزكۇر جۇرناللاردىكى تارىخىي، سىياسىي ماقالىلار

ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەتپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرىنىڭ كۆچىيىشىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، مىللىي ئىنقىلاب قاتناشقۇچىلىرىدىن يازغۇچى مەسۇمجان زۇلپىقاروف ۋە تۇرسۇن قاھارى قاتارلىقلار ئەينى ۋاقىتتا ئۆزلىرىنىڭ بۇ جۇرناللارنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن بىلىم ئالغانلىقى ۋە گومىنداڭغا قارشى ھېسسىياتلىرىنىڭ تېخىمۇ ئاشقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. سەيدۇللا سەيفۇللايېفنىڭ يېزىشىچە، بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئالمۇتا ئەتراپىدا فاتىخ باتۇر، سەيدۇللا سەيفۇللايېۋ قاتارلىقلارنىڭ قاتنىششى ئاستىدا ھەربىي-سىياسىي كۇرس ئېچىلىپ، تەييارلىق ئېلىپ بېرىلغان ھەمدە قىرغىزىستاننىڭ ئىسسىق كۆل بويىدا 30-يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردىكى قوزغىلاڭچىلىرىنى باستۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن كىشلەردىن ئىسھاقبەگ مۇنونوپ، رازاق مەۋلانوپ( مەمتىلى تەۋپىق قاتارلىق 300 نەچچە ئادەمنىڭ قاتنىلى ) قاتارلىقلارنىڭ باشلامچىلىقى ھەم قاتنىششى ئاستىدا ‹باتۇر› ، «بۆيگى» نامىلىق ئىككى مەخپىي قوراللىق ئەترەت قۇرۇلۇپ، ھەربىي-تەلىم تەربىيە ئېلىپ بېرىلغان. بۇ گۇرۇپپىلار سوۋېت ك گ ب سى تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن ئىدى.(25 )
ئۇيغۇر ئېلىدا ئىنقىلاب قوزغاش ئىشى 1943-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن قارار قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭغا ئەينى ۋاقىتتا ستالىن، بېرىيا، مولوتوۋ قاتارلىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي رەھبەرلىرى بىۋاستە ئىشتىراك قىلغان(26). سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىخەتەرلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل رەھبىرى بېرىيا ئاساسلىق ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان بولۇپ، ئىنقىلابنىڭ قوزغىلىشىدىن ئىلگىرىلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجا، چۆچەك قاتارلىق جايلىرىدىكى كونسۇللىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭغا قارشى كەيپىياتلارنى كۆزەتكەن ھەمدە مەخسۇس ماتېرىيال توپلاپ ۋە يەرلىك ئىنقىلابىي پىكىردىكى كىشلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، ئۇلارغا ئىلھام بېرىش ھەم تەشكىللەش ئېلىپ بارغان ئىدى .
سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇيغۇر ئېلىدە ئىنقىلاب قوزغاش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقاندا، ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇر، قازاقلارنىڭ قارشىلىق ھەرىكەتلىرى ئاللىقاچان باشلىنىپ بولغان، ئالتاي تەۋەسىدە ئوسمان باتۇر باشچىلىقىدا قازاقلارنىڭ قوراللىق قوزغىلاڭلىرى ھېچ تىنچىمىغان ئىدى .
ئىلى ۋادىسىدا غۇلجىنى مەركەز قىلغان ھالدا يەرلىك خەلقلەر بىلەن خەنزۇ ھۆكۈمرانلىرى ئارىسىدىكى مىللىي زىددىيەت يۇقىرى پەللىگە يەتكەن، خەلقنىڭ گومىنداڭ ھەربىيلىرى ۋە بىيوكراتلىرىغا بولغان غەزىپى قايناپ تاشقان بولۇپ، شېڭ شىسەينىڭ قاتتىق قول سىياستى ۋە باستۇرۇشلىرى ئۇيغۇر قاتارلىق ھەممە مىللەتنىڭ خەنزۇ ھۆكۈمرانلار تەبقىسىگە بولغان نەپرىتىنى كۈچەيتىۋەتكەن ئىدى. گومىنداڭ ھوقۇقنى قولغان ئالغاندىن كېيىن، ئىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارىدىكى بارلىق دېگۈدەك ھەربىي-مەمۇرىي ھوقۇقلار خەنزۇلارنىڭ قولىدا بولۇپ، شېڭ شىسەي ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەن دەسلەپكى چاغلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ

كۆرسەتمىسى ۋە ئۇيغۇر قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئۆلكىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرىمۇ قاتناشتۇرۇلغان . ئۇيغۇرلاردىن خوجا نىياز ھاجىم ئۆلكە مۇئاۋىن رەئىسى بولغاندىن سىرت يۇنۇس بەگ، ئابدۇراخمان، تاھىربەگ، ماخمۇت مۇھىتى قاتارلىق خېلى كۆپ بىر قىسىم كىشىلەرگە ، قازاقلاردىن شەرىپخان، تۇڭگانلاردىن ماشاۋۋۇ ، قىرغىزلاردىن ئىسھاق بەگ قاتارلىقلارغا نازىرلىق، قوماندانلىق، ۋالىيلىق ھەم ھاكىملىققا ئوخشاش تۈرلۈك رەھبىرى ۋەزىپىلەر بېرىلگەن ئىدى. بۇ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر دىيارى مەنچىلىك ئىمپېرىيىسى تەرىپىدىن شىنجاڭ ئۆلكىسىگە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى 50 يىل ئىچىدىكى زور يېڭىلىق ئىدى. ئەمما، 1937 ـ 1938 ـ يىلللىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ، بۇ كىشىلەرنى قولغا ئېلىپ ئۆلتۈردى شۇنىڭدەك ھەر قايسى رەھبەرلىك ئورۇنلىرىدىكى مىللىي باشلىقلار ۋە زىيالىيلار قوشۇنى تازىلاندى. نەتىجىدە، 1943 ـ 1944 ـ يىللىرىغا كەلگەندە ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق يەرلىك خەلقلەرنىڭ نارازىلىقلىرى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتتى. يازغۇچى ز.سابىرى بۇ ھەقتە ئۆزىنىڭ “ ئانا يۇرت” رومانىدا ناھايىتى ئېنىق تەسۋىرلەيدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شاھىدلاردىن مەرھۇم سەيدۇللا سەيفۇللايېۋ(27)، زىيا سەمەدى (28)ۋە باشقىلارمۇ ئەينى ۋاقىتتىكى غۇلجىنىڭ ۋەزىيىتىنى ئۆز ئەسەرلىرىدە تەپسىلى كۆرستىدۇ. ئەنە شۇلارنىڭ ئەمگەكلىرى ۋە باشقا تارىخىي پاكىتلارغا تايانغاندا 1943ـ 1944ـ يىللىرى، ئىنقىلاب پارتلاشنىڭ ھارپىسىدا غۇلجىدىكى مىللىي زىددىيەت ئەۋجىگە چىققانكى، گومىڭداڭ ئۇچقۇچى ئوفىتسېرلىرى غۇلجىدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت خەقلىرىنىڭ قىز-ئاياللىرىغا خالىغانچە باسقۇنچىلىق قىلىدىغان، خەنزۇ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى يەرلىك خەلقلەرنى قىلچە كۆزگە ئىلماي، ئۇلارنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن ئىدى .ئەنە شۇنداق نارازىلىقلار ئىلى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق نارازىلىقىنى قوزغاپ،1943 ـ يىللىرىدىن باشلاپ غۇلجىدا مەخپىي تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش ئىشلىرى باشلانغان .

ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەربىي نازارىتىنىڭ كاپىتان دەرىجىلىك ئوفىتسېرى ، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ سېكرىتارى ماخمۇت پارماشېفنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئىلىدىكى جۇملىدىن غۇلجىدىكى ئىنقىلابنى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى قوزغىغان . 1943 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى، 1944 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا غۇلجا شەھىرىدىكى مەھەللىلەردە ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ « چوغ» ، «غۇنچە» ناملىق يەر ئاستى تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇپ بولغان(29). دېمەك، « ئازادلىق » تەشكىلاتىنى قۇرۇش تەكلىپىنى سوۋەت رازۋېتچىكلىرى ئەنە شۇ ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ ۋە تەھلىل قىلىپ، ئىنقىلابنىڭ تەييارلىنىپ قالغانلىقىدەك ۋەزىيەتنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى چۈشەنگەندىن كېيىنلا ئەلىخان تۆرە، ئابدۇرەۋۇپ مەخسۇم ، سالىھجان باي، ئابدۇكەرىم ئابباسوپ تارلىق

كىشىلەرگە بەرگەن ئىكەن. مەزكۇر ئۇيۇشتۇرۇش پائالىيەتلىرىدە غۇلجىدىكى سوۋېت دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرى، ئەمەلىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى رازۋېتكا خادىمى ھاكىم جاپپار يارۇللابېكوپ ۋە يەنە بىر نەپەر پولات ئىسىملىك ئۆزبېك كىشى ۋاستىچىلىك رول ئوينىغان.(30)

سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلى ۋە تارباغاتايدا باشلىنىش ئالدىدىكى ئىنقىلابنى كونترول قىلىش ھەمدە ئۇنى تەشكىللەش ۋە ئۇلغايتىش ئۈچۈن ئىلقا ۋە غۇلجا قوزغىلاڭلىرىدىن ئىلگىرىلا سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى( ن ك ۋ د، كېيىنكى ك گ ب) تەرىپىدىن ئالمۇتا شەھىرى ۋە قورغاستا ئالاھىدە ھەرىكەت گۇرۇپپىسى قۇرۇلغان. ئىكۆد نىڭ مەزكۇر گۇرۇپپىسىنىڭ خادىملىرى شىمالىي ۋە جەنۇبىي ئۇيغۇر دىياردا پائالىيەت ئېلىپ بارغان بولۇپ، لېكىن مەزكۇر گۇرۇپپىنىڭ ئاساسلىق پائالىيىتى ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىگە تارقالغان ئىدى(31) ئۇيغۇر دىيارىدىكى سوۋېت ئالاھىدە ھەرىكەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى گېنېرال مايور ئېگناروپ بولۇپ(32)، بۇ ئادەم كېيىن ئەلىخان تۆرىگە مەسلىھەتچىلىك قىلىپلا قالماستىن بەلكى بىر تەرەپتىن غۇلجىدىكى 1-ۋە 2-نومۇرلۇق ئۆينىڭ باش رەھبىرى بولغان . جۇمھۇرىيەتكە ھەربىي ۋە سىياسىي جەھەتلەردىن مەسلىھەتچىلىك قىلىدىغان 1-2-نومۇرلۇق ئۆيلەرنىڭ ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى جۇمھۇرىيەتنى رازۋېتكا قىلىش بولۇپ، گېنېرال ئېگناروۋ ئۇيغۇر ئېلىغا قارىتىلغان پۈتۈن رازۋېتكا ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر ئىنقىلابچىلىرىغا ئۆزلىرىنى تاتار دەپ تونۇشتۇرۇپ، ئۇلار بىلەن زىچ ئارىلىشىپ كەتكەن پودپولكوۋنىك ئۇنىۋانىدىكى سوۋېت رازۋېتچىكلىرى (جاسۇسلىرى) باشقۇرت مىللىتىدىن بولغان ئەلى مەمەدوف، قىرغىزىستاندا تۇغۇلۇپ يەرلىك ئۇيغۇر، قىرغىز تىللىرىنى پۇختا ئۆگەنگەن رۇسلاردىن ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئىۋانوپ ( ئۇيغۇرچە ئىسمى ئىسكەندەر) ۋە پېتر ساۋىن ( زاكىر ئەپەندى) قاتارلىق ئۈچ كىشى ئەڭ داڭلىق رازۋەتچىكلاردىن ئىدى. ئۇلار 1933-1937-يىللاردىمۇ جەنۇبىي ۋىلايەتلەردە پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئىدى .
ئەلى مەمەدوپ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەلى ئەپەندى دەپ تونۇلغان ئۇ بىر مەزگىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇپ، پۈتۈن رازۋېتكا ئىشلىرىنى باشقۇرغان. ئۇ بىۋاستە گېنېرال ئېگناروپقا بويسۇناتتى. زاكىر ئەپەندى بولسا، ھەربىي رازۋېتكىنى كونترول قىلغان بولۇپ، ئۇ ئىسسىق كۆل بويىدا تەشكىللەنگەن « باتۇر» ناملىق قورallıق گۇرۇپپىنىڭ رازۋېتكا ئىشلىرىغا مەسئۇل رەھبىرى ئىدى. مەزكۇر گۇرۇپپىغا ئىسھاق بەگ مۇنونوپ رەھبەرلىك قىلغان. ئۇنىڭ تەركىبىدە 1937-يىلى قەشقەردە قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغان سوۋېت ئىتتىپاقى ك گ ب ئوفىتسېرى راززاق مەۋلانوپ قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. زاكىر ئاقسۇغا چۈشكەن قوشۇننىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىسى بولغان. ئۇ ئاقسۇغا يۈرۈش قىلغان قوشۇننى كونترول

قىلغان بولۇپ، بۇ غۇلجىدىكى ئىسكەندەر ۋە ئېگناروپلار بىلە بىۋاستە ئالاقە قىلىپ تۇراتتى. ئاقسۇدىن چېكىنىش بۇيرۇقىنىمۇ زاكىر بىلەن ئىسكەندەر يەتكۈزگەن(32). ئەنە شۇ سوۋېت جاسۇسلىرىنىڭ كۈچلۈك ھەرىكەتلىرى تۈپەيلىدىن ئەلىخان تۆرىنىڭ پودپولكوۋنىك سوپاخۇن قاتارلىق باشقا ئۇيغۇر رەھبىرى خادىملارغا ئىلغا چېكىنمەي، داۋاملىق ئاقسۇدا جەڭ قىلىپ، ئۇرۇشنى جەنۇبىي ۋىلايەتلەرگە كېڭەيتىش ھەققىدىكى ئىككى پارچە ـ مەخپىي خېتى غۇلجىدىكى 2 ـ نومۇرلۇق ئۆيىنىڭ قوماندانى گېنېرال ئېگناروپنىڭ قولىغا يەتكۈزۈلىدۇ.(33) ئېگناروپ بۇ خەتنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە موسكۋاغا ئۇچۇر يوللايدۇ. قىسقىسى ئەلىخان تۆرىنىڭ ئاقسۇدىن چېكىنمەي، ئىنقىلاب ئوتىنى پۈتۈن جەنۇبقا تۇتاشتۇرۇپ، ستالىنىنىڭ ئالقىنىدىن قۇتۇلۇپ، مۇسۇلمان دۇنياسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چەتەللەر بىلە ئالاقە قىلىش نىيىتى ئەمەلگە ئاشماي قالىدۇ. بۇ ھەقتە مىللىي قەھرىمان مەرھۇم سوپاخۇن ئاكا 90 ـ يىللاردا مۇئەللىپكە بۇ ھەقتە سۆزلەپ بەرگەن ئىدى .شۇڭا زاكىرنىڭ كېيىن سوپاخۇن ھەققىدىكى ئەسلىمىسىدە ئۇنىڭ ئاجايىپ قەھرىمان ئىكەنلىكىنى تەن ئېلىپ، ئۇنىڭ سوۋېتلىك مەسلىھەتچىلەر( زاكىرنىڭ)نىڭ سۆزىنى ئاڭلىمايدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن(34) .

يېقىندا نەشر قىلىنغان ئەشۇ ئەلى مەمەدوپنىڭ ئەسلىمە خاتاكتېرلىق كىتابىدىن مەلۇم بولۇشىچە، سوۋېت رازۋېتكىسى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنى شۇنچىلىك قامال قىلغانكى، ھەتتا، مىللىي ئارمىيە سېپى ۋە ھۆكۈمەتتىكى «ئاق ئورۇس»لار دەپ ئاتالغان مىللىي ئارمىيە باش قوماندانى پولىنوپ، مىللىي ئارمىيە پولكوۋنىكى لېسكىن، مالىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مەسلىھەتچىسى گرىبكىن ، پولكوۋنىك موگوتنوپ، قىرغىزلاردىن مەۋلانوپ، نوغايباييېف باشقا نەچچە ئونلىغان يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي سىياسىي خادىملار سوۋېت رازۋېتكىسغا باغلانغان ۋە ئۇنىڭ بىۋاستە خادىملىرى بولغان ئىكەن. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ ھەر قايىسى مىنىستىرلىقلىرىدىكى مەسلىھەتچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى سوۋېت ن ك ۋ د سى بىلەن مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بولغان. مەزكۇر كىتابتا كۆرسىتىلىشىچە،گىنىرال ئېگناروپ، تاكى 1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە قورغاستا تۇرۇپ، ئۇيغۇر ئېلىدىكى ھەربىي ـ سىياسىي ۋەزىيەتنى كونترول قىلىشقا رەھبەرلىك قىلغان. ھەتتا، ئا.مەخسۇمنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، 1945 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى رازۋېتكا ئورۇنلىرى بىر كىشىنى «ئافغانىستاندىن كەلگەن» دېگەن نام بىلەن غۇلجىغا ئەۋەتكەن بولۇپ، ئۆزبېكچە، پارىسچە تىللارنى ياخشى سۆزلەيدىغان بۇ ئادەم ماشىنا ھەيدەش ۋە رېمونت قىلىش ، ھەربىي كوماندىرلىق، رەسساملىق ھەمدە خەلقارا سىياسىي ۋەزىيەت شۇنىڭدەك دىنىي ئىلىم قاتارلىق ھەر تەرەپتىن يېتىشكەن تولىمۇ قابىلىيەتلىك كىشى ئىدى. ئەلىخان تۆرە ئۇنىڭ ئىلىدا ئۇيغۇر ئېلى جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ ياردەمگە كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت سۆزلىرىگە ئىشىنىپ، ئۇنى ئۆز يېنىدا قالدۇرغان. ئۇ ئەلىخان تورە بىلەن بىر مەزگىل بىرگە يۈرگەن ھەمدە ئۇنىڭ كانۋويلىرىغا ھەربىي

بىلىملەرنى ئۆگەتكەن. لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەي، تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ ئەسلى چەتئەل ئىشپىيونى ئىكەنلىكى پاش بولدى دەپ تۇتۇپ كېتىلىپ ئىز دېرەكسىز يوقالغان. ئەسلىدە ئۇ، چەتئەل ئىشپىيونى ئەمەس بەلكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەلچىخان تۆرىنىڭ يېنىغا تاشلىغان جاسۇسى ئىكەن، ئۇ ئەلچىخان تۆرىنىڭ ئىچكى كۆز قاراشلىرى ھەمدە مەخسەتلىرىنى كۆزىتىشكە مەخسۇس ئەۋەتىلگەن ئىكەن.(36)

ئومۇمەن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىر تەرەپتىن مىللىي ئىنقىلابنى قوللىغان بىلەن ئۇنى تولۇق قامال قىلىش ئۈچۈن بارلىق چارىلەرنى قوللانغان بولۇپ، بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا سوۋېت ئىتتىپاقى رازۋېتكىسى ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلغان. سوۋېت رازۋېتكىسى ستالىنىنىڭ ئىلى ئىنقىلابىنى خەلقئارالاشتۇرماسلىقتا زور نەتىجە قازانغان بولۇپ، ھەتتا يالتا يىغىنى ۋە ستالىنىنىڭ كەلگۈسى پىلانلىرىدىن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەھبەرلىرى خەۋەرسىز بولۇپلا قالماستىن بەلكى، جۇڭگو رەھبىرى جاڭ كەيشمۇ خەۋەرسىز قالغان ئىدى. ئۇ، پەقەت كېلىشىم تۈزۈلۈپ، بىر قانچە ئايلاردىن كېيىنلا ئەنە شۇنداق بىر كېلىشىمنىڭ بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان. جۇڭگو دائىرىلىرى بۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولسىمۇ، لېكىن ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇلارنىڭ كۈچسىز ھەم پاسسىپ خەلقارالىق ئورنى بۇنىڭغا يول قويمىغان. جاڭ كەيشى ھۆكۈمىتى ستالىن ھۆكۈمىتى بىلەن تىركىشىشتا ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ئامالسىز قالغان. ستالىن باشتىن ئاخىرى ئاكتىپ ئورۇندا تۇرغان، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بولسا پاسسىپ ھالاتتە قېلىۋەرگەن .1945 ـ 6 ـ ئايدىن باشلانغان سوۋېت ـ جۇڭگو ئۈچرىشىشلىرىدا ستالىن ئەگەر جۇڭگو يالتا كېلىشىمىدىكى شەرتلەرگە كۆنسىلا جۇڭگونىڭ "شىنجاڭدىكى ئىگىلىك ھوقۇقى"غا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. نەتىجىدە، 1945 ـ يىلى 8 ـ ئىيۇن كۈنى جاڭ كەيشى يالتا كېلىشىمىدىكى ماددىلارغا ئاساسەن "ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال ۋە شىنجاڭدىكى ئىگىلىك ھوقۇقى ھەم زېمىن پۈتۈنلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلسا، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ۋە شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭلارنى داۋاملىق قوللىماسلىققا كاپالەتلىك قىلسىلا، ياپونغا قارشى ئۇرۇش غەلبە قىلغاندىن كېيىن، ئومۇمى خەلق ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلى بىلەن موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ شۇنىڭدەك يەنە جۇڭگو دالىيەنىنىڭ ئەركىن پورت بولۇشى، شەرقىي شىمال تۆمۈر يولى ۋە لۈشۈن پورتىنى سوۋېت ـ جۇڭگو ئورتاق پايدىلىنىشقا ئەمما باشقۇرۇش ھوقۇقى جۇڭگونىڭ قولىدا بولۇشقا قوشۇلىدۇ " (39)دېگەندەك قارارغا كېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە رەسمى بىلدۈردى. جاڭ كەيشمۇ «شىنجاڭ» بىلەن مانجۇرىيىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن زور مەنپەئەتلىرىدىن ۋاز كېچىشكە تەييار بولغان، ستالىنمۇ ئۆز مەنپەئەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇيغۇر ئېلىنى جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنى قۇربان قىلىشقا تەييار بولغان، قىسقىسى ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر مەسىلىسى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستلىرى مەسىلىسى سوۋېت ـ جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرىدىكى ئاچقۇچلۇق نۇقتىغا ئايلانغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار ستالىنىنىڭ

قولىدىكى سىياسىي قەرتكە ئايلىنىپ قالغان ئىدى.

## سوۋېت- جۇڭگو دوستلۇق شەرتنامىسى ۋە ئىلى ھۆكۈمىتى

-1944يىلى 8-ئايلاردا باشلانغان ئۈلاستاي تاغلىرىدىكى قوراللىق ھەرىكەت بارا-بارا كېڭىيىپ، ئاخىرى شۇ يىلى 10-ئايدا نىلقا ناھىيىسىنىڭ ئازاد بولۇشى بىلەن زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئازادلىق تەشكىلاتىمۇ جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ، غۇلجا شەھرىدە قوزغىلاڭ تەييارلىقى ئېلىپ باردى ھەمدە 7-نويابىر كۈنى غۇلجا قوزغىلىڭىنىڭ 1-ئوقىنى ئاتتى. بەش كۈنلۈك جەڭدىن كېيىن غۇلجا شەھرىدىكى مۇھىم جايلار ئىشغال قىلىندى. ئازادلىق تەشكىلاتى جىددىي يىغىن چاقىرىپ، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن تاكى يالتا يىغىنى ئېچىلغىچە بولغان ئۈچ ئاي ئىچىدە ئىلى ۋىلايىتى ئازاد قىلىنىپ، ئىلىگومىنداڭ قوشۇنلىرىدىن تەلتۆكۈس تازىلاندى. بۇ جەرياندا جۇمھۇرىيەت ئۆزىنىڭ ھەممە ھاكىمىيەت سىستېمىلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى ھەمدە جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ، پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارىنى ئازاد قىلىشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئېلىپ باردى. زوردۇن سابىر ،زىيا سەمەدى. سەيدۇللا سەيفۇللايېۋ، ئابدۇراخمان قاھار، تۇردى سامساق قاتارلىقلارنىڭ تەسۋىرلىشىچە، ئەينى ۋاقىتتا شۇنداق قاينام تاشقىنلىق مەنزىرە شەكىللەنگەنكى، « ھەممە ئالدىنقى سەپ ئۈچۈن»، « ئىستىقلالىيەت ئۈچۈن» ، «جۇمھۇرىيەت بايرىقىنى شىڭشىياغا قاداش» شۇئارى ئاستىدا ھەممە خەلق ئۆزلىرىنى ئىنقىلاب قوينىغا ئاتتى.(40) ئەنە شۇنداق روھ تۈپەيلىدىن جۇمھۇرىيەتنىڭ تۇنجى ئەسكەر قوبۇل قىلىش مىزانىدىمۇ 18 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغان ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەسكەر بولۇش بەلگىلەنگەن بولۇپ، 1945-يىلى 4-ئاينىڭ 8-كۈنى مۇنتىزىم مىللىي ئازادلىق ئارمىيە قۇرۇلۇپ، بۇرۇنقى تارقاق پارتىزانلىق ئۇرۇشقا خاتىمە بېرىلدى . بىرلىككە كەلگەن قوماندانلىق ئاستىدىكى مۇنتىزىم، ئىنتىزاملىق ھەربىي سىستېما بەرپا قىلىنىپ، ھەربىي مەشقلەر كۈچەيتىلدى ھەمدە شىمالىي، ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي يۆلۈنۈشتىن ئىبارەت ئۈچ فرونتتا جەڭ قىلىش ھەربىي پىلانى تۈزۈلدى. 1945-يىلىنىڭ ئىيۇن ئايلىرىدىن ئېتىبارەن شىمالىي ۋە ئوتتۇرا يۆلىنىشتىكى قوشۇنلار ھۇجۇملىرىنى باشلاپ، شەرقتە ئۈرۈمچىگە، شىمالدا تارباغاتاي ۋە ئالتايغا قاراپ ئاتلاندى. بۇ يەردە شۇنداق بىر سوئال تۇغۇلىدىكى، نېمە ئۈچۈن ستالىن يالتا كونفېرېنسىيىسىنىڭ روھىغا بىنائەن بۇ يېڭى جۇمھۇرىيەتكە ياردەم بېرىشنى دەرھال توختىتىپ قويماي، ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئىنقىلابنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشى ۋە مۇنتىزىم مىللىي ئارمىيىنىڭ قۇرۇلۇپ، ئۈچ سەپ بويىچە جەڭ قىلىشنى قوللايدۇ؟ بۇ ئەمەلىيەتتە سوۋېت -جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ھەقىقەتەن مىللىي ئارمىيىنىڭ چوڭ كۆلەملىك

هۆجۇملىرى پەقەت يالتا يىغىنىدىن كېيىن باشلانغان ئىدى. مىللىي ئارمىيە 1945-يىلى 5-6-ئايلاردىن ئېتىبارەن ئوتتۇرا ۋە شىمالىي يۆلۈنۈش بويىچە شىددەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقاندا ستالىن بىلەن جاڭكەيشى ئارىسىدا دىپلوماتىيىلىك كۆرەشلەر ئەۋجى ئېلىۋاتاتتى .گومىڭداڭ ھۆكۈمىتى ستالىنىنىڭ ئەشۇ يالتا يىغىنىدا چېرچىل ۋە رۇزۋېلتنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن ئەمما، جۇڭگونىڭ دۆلەت مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولمىغان بىر قاتار شەرتلىرىدىن ئاسترىتتىن خەۋەر تاپقان بولسىمۇ، ئەمما تېخى يالتا كېلىشىمىنىڭ مەزمۇنلىرىدىن تولۇق خەۋەردار ئەمەس ئىدى. (41)جاڭ كەيشى ھۆكۈمىتىنى غەزەپلەندۈرگەن نۇقتا ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو جۇمھۇرىيىتىنى پەقەت نەزەرگە ئالمىغانلىقى، يەنى دۇنيانىڭ تەرتىپىنى بەلگىلەيدىغان بۇ مۇھىم يىغىنغا جۇڭگونى قاتناشتۇرماستىن ئەكسىچە، ئۇنىڭ «مەنپەئەتلىرىنى قۇربان قىلىۋەتكەنلىكى» بولۇپ، جاڭ كەيشى بۇ كېلىشىمنى ئېتىراپ قىلماسلىق ئۈچۈن بارلىق ئىمكانىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ تىرىشچانلىق كۆرسەتسىمۇ، لېكىن ئامال قانچە؟ جۇڭگونىڭ ياپونىيە ئىشغالىيىتىدىن ئازاد بولۇپ، ئىگىلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشدە يۇقىرىدىكى ئۈچ كۈچلۈك دۆلەتكە تايانماي، ئۇلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىغا بويسۇنماي ئامال يوق ئىدى .

جاڭ كەيشى-1937 يىلى ياپونىيە جۇڭگو ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم باشلىغاندىن ئېتىبارەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، جۇڭگوغا ياردەم بېرىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىپ، ستالىننى ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا سۆرەپ كىرىش ئۈچۈن بارلىق دىپلوماتىيىلىك ۋاستىلەرنى قوللانغان بولسىمۇ، ئەمما ستالىن جاڭكەيشىنى دەپ ياپون بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بۇزۇۋېلىشنى خالىمىغان ئىدى(42). ئەكسىچە ئۇ 1941-يىلى ياپونىيە بىلەن بىتەرەپلىك كېلىشىمى تۈزگەن ھەمدە جۇڭگوغا مەخپىي بېرىۋاتقان ھەربىي ياردەملىرىنى توختاتقان ئىدى(42). ستالىن سوۋېت- گېرمان ئۇرۇشى باشلانغاندا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي سەپتە ئۇرۇش قىلىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ياپونىيە بىلەن ئۆزلۈكسىز تۈردە نورمال مۇناسىۋەتنى ساقلاپ، غەربتە گېرمانىيە ، شەرقتە ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ ئىسكەنجىسىدە قېلىپ، بىراقلا گۇمران بولۇشتىن ساقلاندى. ستالىن شەرقىي رايونلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئامېرىكىنىڭ ئاسىيا-تىنچ ئوكيان رايونىدىكى ھەربىي ھەرىكەتلىرىگىمۇ قوشۇلمىدى ۋە ئامېرىكا بىلەنمۇ ئاشكارا ھەمكارلاشمىدى. جۇڭگونىمۇ ئاشكارا قوللىماي، ياپونىيىنى بەش يىل ۋاقىت ئالداپ تۇتۇپ تۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ غەربىي سەپتە گېرمانىيە ئارمىيىسىنى سوۋېت تۇپراقلىرىدىن غەلبىلىك تازىلىشنى قولغا كەلتۈرۈۋالدى .

1945-يىلنىڭ بېشىدا گېرمانىيىنىڭ مەغلۇبىيىتى ئايدىڭلاشقان بولسىمۇ، ئەمما ياپونىيە بىلەن ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش قىلىپ، ئاسىيا -تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ تىنچلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك كۈن تەرتىپكە قويغان ئامېرىكا سوۋېت

ئىتتىپاقنى ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشىپ، بىر تەرەپتىن جۇڭگونى يالتا كېلىشىمگە كۆندۈرۈشكە يەنە بىر تەرەپتىن ستالىننى تېزراق ياپونغا قارشى ئۇرۇش باشلاشقا ئۈندىدى(43). ئىلدا مىللىي ئارمىيە قۇرۇلۇپ، «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئالغا» دېگەن خەتلەر يېزىلغان بايراقلارنى تاپشۇرۇۋېلىپ، جىددىي ھەربىي تەييارلىقلارنى ئېلىپ بېرىۋاتقاندا يەنى 1945-يىلى 4-ئاينىڭ 12-كۈنى ئامېرىكا پرېزىدېنتى رۇزۋېلت ۋاپات بولدى. ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغان پرېزىدېنت ترۇمېن ستالىننىڭ يالتا كېلىشىمدە بەرگەن ۋەدىلىرىگە ئەمەل قىلىش- قىلماسلىقنى بىلىش ئۈچۈن 5-ئايدا ھوپكىنسنى ستالىن بىلەن سۆزلىششكە موسكۋاغا ئەۋەتتى. ستالىن ھوپكىنسنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىش-قاتناشماسلىقى مەسىلىسىنى سورىغاندا، ستالىن قەتئىي رەۋىشتە بۇنىڭ ھەممىسىنىڭ جۇڭگونىڭ يالتا كېلىشىمنى قوبۇل قىلىش-قىلماسلىقىغا باغلىق ئىكەنلىكى، پەقەت شۇنىڭدىن كېيىنلا قارار چىقىرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن(45). ستالىن يەنە ھوپكىنسكە ئۇرۇشتىن كېيىن جۇڭگونىڭ بىرلىككە كەلگەن دۆلەت بولۇشىنى خالايدىغانلىقىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودىن زېمىن تەمەسى يوقلۇقى، بولۇپمۇ مانجۇرىيە، شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردىكى جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ھەر قانداق مەنادا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى شۇنىڭدەك يەنە پەقەت ئامېرىكىنىڭلا ئۇرۇشتىن كېيىن جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمەتلىرىگە ياردەم بېرەلەيدىغانلىقىنى ئىپادە قىلدى(46). ستالىن ، ھوپكىنسكە يەنە 7-ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى سوڭزىۋېن بىلەن بىلەن موسكۋادا يالتا كېلىشىمنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماددىلىرى بويىچە سۆھبەتلىششكە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ترۇمېن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن-6 ئايدا جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرى سوڭ زىۋېن بىلەن كۆرۈشۈپ، يالتا كېلىشىمدىكى جۇڭگوغا ئائىت ماددىلار ھەققىدە سورىغاندا، سوڭ زىۋېن جۇڭگونىڭ بۇ كېلىشىمنىڭ جۇڭگوغا ئائىت ماددىلىرىغا قەتئىي قوشۇلمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى. بىراق، ۋاشىڭتون رەھبىرى ئەگەردە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتناشسا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ يالتا كېلىشىمگە نىسبەتەن قوللاش پوزىتسىيىسىدە بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلدۈردى(47). 6-ئاينىڭ 14-كۈنى ترۇمېن سوڭ زىۋېنگە ستالىننىڭ ھوپكىنسكە بەرگەن ۋەدىلىرىنىڭ تەپسىلى مەزمۇنلىرىنى ئۇقتۇرۇپ، جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يالتا كېلىشىمنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماددىلىرى بويىچە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى تەۋسىيە قىلدى .

جۇڭگو رەھبەرلىرى يالتا كېلىشىمى مەسىلىسى بويىچە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىلەن سۆزلىشىپ، ۋاقىتنى ئارقىغا سوزۇۋاتقاندا ئىلى مىللىي ئارمىيىسى جىلغ ۋە شىخو ھەم چۆچەك لىنىيىسىگە قاراپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتاتتى .6-ئاينىڭ 15-كۈنى ئامېرىكىنىڭ چوڭچىڭدىكى ئەلچىسى خەرلى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە رەسمى تۈردە يالتا كېلىشىمنى

مەلۇم قىلدى. ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولغان جاڭ كەيشى ئاخىرى يالتا كېلىشىمى بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سۆھبەتلىشىشكە قوشۇلدى ھەمدە 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى موسكۋادا جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىسىدىكى سۆھبەت باشلاندى. سۆھبەت باشلىنىش بىلەنلا جۇڭگو ۋەكىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يالتا كەلىشىمدا ئېرىشكەن مەنپەئەتلىرىگە ئائىت تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندە ستالىن سۆھبەتنى ئۈزۈۋەتتى. لېكىن، 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ستالىن پودستام يىغىنىغا قاتنىشىش جەريانىدا ئامېرىكا پرېزىدېنتى ترۇمېننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىش ـقاتناشماسلىق مەسىلىسىنى تىلغا ئالغاندا ، ستالىن قەتئىي رەۋىشتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو بىلەن تېخى كېلىشىم ھاسىل قىلمىغانلىقىنى، بۇ كېلىشىمنىڭ يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى (48). سوڭ زىۋېن بىلەن ستالىن ئارىسىدا ئىلگىرى كېيىن بەش قېتىم سۆھبەت داۋاملاشقان بولسىمۇ، لېكىن ستالىن ئۆز شەرتلىرىدىن يانمىدى. شۇنىڭ بىلەن سۆھبەت ئۈزۈلۈپ قالدى ھەمدە سوڭ زىۋېننىڭ ئورنىغا ۋاڭشىجې موسكۋاغا كېلىپ، 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن تاكى 14 ـ كۈنىگىچە تۆت قېتىم ستالىن بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. دراماتىك نۇقتا شۇكى، سوڭ زىۋېن سۆھبەتنى تاشلاپ، جۇڭگوغا قايتقاندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيىسىنىڭ فاتىي لېسكىن باشچىلىقىدىكى شىمالىي فرونت قىسىملىرى تارباغاتاي ۋىلايىتىگە ھۇجۇم قوزغاپ، ئىلگىرى كېيىن دۆربىلجىننى ۋە 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى چۆچەكنى ئىشغال قىلىپ، پۈتۈن تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئازاد بولغانلىقىنى جاكارلىدى .

ئوتتۇرا يۆلۈنىشتىكى قىسىملار جىڭ ۋە شىخو ئەتراپىدىكى گومىنداڭ مۇداپىئە نۇقتىلىرىغا ھۇجۇم قوزغاپ، گومىنداڭ كۈچلىرىنى جىڭ ۋە شىخو شەھەرلىرىگە قاپسىۋالدى. قىسقىسى مىللىي ئارمىيىنىڭ ھۇجۇملىرى تېخىمۇ شىددەتلىك تۈس ئالدى. غۇلجىدىكى ستالىننىڭ بىۋاستە ۋەكىللىرى ھېسابلىنىدىغان 2 ـ نومۇرلۇق ئۆينىڭ باشلىقلىرى يەنى جۇمھۇرىيەتنىڭ ھەربىي ـ سىياسىي مەسلىھەتچىلىرى گېنېرال مايور ئېگناروپ بىلەن گېنېرال لېيتنانت لانفاڭ رەئىس جۇمھۇر ئەلىخان تۆرىنىڭ ياردەم تەلەپلىرىنى بىجا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ بارلىق شوئارلىرىنى ۋە سىياسىي تەدبىرلىرىنى ھمايە قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى 1945 ـ يىلى 6 ـ ئايدا يىغىن چاقىرىپ، مىللى ئارمىيىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن 500 نەپەر قىزىل ئارمىيە ئوفىتسېرى، 2000 جەڭچى ئەۋەتىش ھەققىدە مەخسۇس قارار چىقاردى.(49) بۇ قاراردىن كېيىن ئىچكى ئىشلار رەھبىرى بېرىيانىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مولوتوپقا يوللىغان مەخسۇس مەلۇمات خېتىدە « شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قوزغىلاڭ ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىش ئۈچۈن قىزىل ئارمىيە سېپىدىن ئاجرىتىلغان ئوفىتسېر ۋە جەڭچىلەرنى ئەۋەتىش ئەمەلگە

ئاشۇرۇلدى» دەپ كۆرستىلگەن(51). بۇ چاغدا يەنە زور مىقداردا ئېغىر-يېنىك قورال-ياراقلار ۋە ئوق دورىلار مىللىي ئارمىيىگە بېرىلگەن بولۇپ، ئەلخان تۆرىنىڭ 1945-يىلى ماي ئېيىدا موسكۋا رەھبەرلىرىگە يازغان خېتىدىكى ياردەم تەلەپلىرىگە جاۋابەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى يۇقىرقىدەك ياردەملەرنى كۆرسەتكەن ئىدى(52) مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىقا ياردەم بېرىش ئىشلىرىغا ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىمۇ جەلىپ قىلىنغان بولۇپ، ئارخىپلاردىن ئاشكارىلىنىشىچە، ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى مىنىسترلار كابىنېتىنىڭ رەئىسى ئابدۇراخمانوپ ئىچكى ئىشلار مىنىسترى بېرىيادىن ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى مالىيە مىنىسترلىقىغا يازغان مالىيە خامچوت ئىلتىماسىنى تەستىقلاشنى قوللاشنى تەلەپ قىلغان. ئۇ بۇ ئىلتىماستا " ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنىڭ 1946-يىلدىكى خامچوتىغا شىنجاڭدا ئېلىپ بارىدىغان ھەرىكەتلىرىگە كېتىدىغان چىقىملار ئۈچۈن بەش مىليون رۇبلىي پۇل قوشۇپ بېرىش" تەلەپ قىلىنغان(53) .ئەلۋەتتە، تارىخىي شاھىدلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەينى ۋاقىتتا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە بەرگەن ھەربىي ياردەملىرى ئۈچۈن مەزكۇر جۇمھۇرىيەتتىن زور مىقداردا تۆلەم ئالغان بولۇپ، جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى ھەر بىر ئېغىر-يېنىك قوراللار ۋە ئوق دورىلار ۋە باشقا ئەسلىھەلەر ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا مەلۇم مىقداردا چارۋا مال، ئاشلىق ئۆتكۈزۈپ تۇرغان (54). ئەمما، بۇ بەرىبىر چەكلىك بولۇپ، موسكۋانىڭ ھەربىي تېخنىكا، ھەربىي قوماندانلىق ۋە باشقا ماددىي ھەم مەنىۋى تەرەپلەردىكى ياردەملىرى يەنىلا مۇھىم رول ئوينىغان. تارىخىي ئارخىپلاردىن ئاشكارىلىنىشىچە، ھەتتا دۆرىبىلجىنىنىڭ ئېلىنىشىغا بىۋاستە موسكۋادىكى ئىچكى ئىشلار قىسىملىرىنىڭ قوماندانى بۇيرۇق قىلغان. دېمەك، موسكۋا گەرچە يالتا كېلىشىمدە ئۆز كۆزلىگەن مەنپەئەتلىرىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن بۇ مەسىلىدە ئېنىق كېلىشىم ھاسىل قىلىمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ يالتا كېلىشىمىگە ئاسان كۆنمەيدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قوللاشنى داۋاملاشتۇرۇپلا قالماستىن مىللىي ئارمىيىنىڭ ھەربىي ئۇرۇشنى جۇڭگو دائىرىلىرىنىڭ يالتا كېلىشىمدىكى ماددىلارغا تېزرەك ماقۇل بولۇشى ئۈچۈن پايدىلانغان خالاس. ستالىن 1945-يىلى 9-ئىيۇل كۇنىدىكى جۇڭگو ۋەكىلى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىدە ئىلى ئىنقىلابى مەسىلىسىدە توختىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن " شەخسىلەرنىڭ قورال ياراق توشۇشىنى توختىتىدىغانلىقى ھەمدە چېگرىنى قامال قىلىدىغانلىقى"نى بىلدۈرۈپ(55)، ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىن كۈتىدىغان باشقىچە نىيىتى يوقلىقىنى ئىپادە قىلدى. ئەمما بۇ چاغدا، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىسىدا تېخى كېلىشىم تۈزۈلمىگەن بولۇپ، پەقەت ئىككى تەرەپ قول قويغان كېلىشىملا ستالىننى خاتىرجەم قىلالايتتى ھەمدە ئۇنىڭ ئېرىشكەن مەنپەئەتلىرى كاپالەتكە ئىگە بولغان بولاتتى. شۇڭا، تاكى كېلىشىم تۈزۈلگىچە بولغان ئارىلىقتىچە ئىلى مىللىي ئارمىيىسى ھۇجۇملىرىنى

داۋاملاشتۇرۇپ، جىڭ ـشخو لىنىيىلىرىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا كەڭ كۆلەملىك هۇجۇم قوزغىدى. شىمالىي فرونتتىكى قىسىملار بولسا، چۆچەك ۋە ئالتاي تەرەپلەرگە يۈرۈش قىلىپ، جاڭ كەيشى هۆكۈمىتى ستالىننىڭ شەرتلىرىگە قوشۇلۇشنى ئارقىغا سۈرگەنسىرى ۋە ياكى قارشىلىق بىلدۈرگەنسىرى مىللىي ئارمىيە قوشۇنلىرى شىددەت بىلەن ئىلگىرىلەشنى داۋاملاشتۇرۇپ، جۇڭگو هۆكۈمىتىدە" پۈتۈن شىنجاڭ قولدىن كېتىدىغان بولدى" دېگەندەك خەۋپسىرىشنى پەيدا قىلىپ، بۇ ئۇلارنىڭ ستالىن ئوتتۇرىغا قويغا تەكلىپلەرنى قوبۇل قىلىش سۈرئىتىنى تېزلىتىش رولىنى ئويناتتى. ئەمما، مۇستەقىللىق دەپ جېنىنى پىدا قىلىۋاتقان ئۇيغۇر جەڭچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق قانلىرىنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىن بەش مىڭ كىلومېتىر يىراقتىكى كرېمىل سارىيىدا ئولتۇرغان ستالىننىڭ ئىستراتېگىيىلىك پىلانى ئۈچۈن تۆكۈلىۋاتقانلىقىنى هېچ سەزمىگەن ئىدى. مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ مۇنداق شىددەت بىلەن ئەۋجى ئېلىپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ئۇيغۇر ئېلىدە كېڭىيىۋاتقانلىقى، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھەر قەدەمدە غەلىبە قىلىپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ مەغلۇپ بولۇۋاتقانلىقى ھەمدە قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئارقىسىدا قۇدرەتلىك دۆلەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەيۋە بىلەن تۇرغانلىقىنى سەزگەن جاڭ جېشى ستالىننىڭ شەرتلىرىگە كۆنمەي مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئاخىرى چۈشىنىپ يەتتى. بۇ يەردە ئۇنى ئەڭ بىئارام قىلغان مەسىلە يالتا كېلىشىمىدىكى "موڭغۇلىيىنىڭ مەۋجۇت ھالىتىنى ساقلاش" بولۇپ، بۇ جۇڭگو ھۆكۈمىتى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشى دېگەنلىك ئىدى. ستالىن مانا بۇ مەسىلىدە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قەتئىي يول قويمىدى .

8 ـ ئاينىڭ8 ـ كۈنلىرىدىن 15 ـ كۈنىگىچە، باي، ئاقسۇ كونا شەھەر ئازاد بولدى. 8 ـ ئاينىڭ بەشىدا تاشقورغان قوزغىلاڭچىلىرى ئۇ جايدىكى دۈشمەننى يوقىتىپ، تاشقورغان ۋالىي مەھكىمىسىنى قۇردى. ئارقىدىنلا ئالتاي ئازاد بولدى .

نەتىجىدە، جاڭ كەيشى ستالىننىڭ شەرتلىرىگە ماقۇل بولۇشنى ئارقىغا سوزغانسىرى شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن پايدىسىز بولىدىغانلىقى، بەلكى موڭغۇلىيەلا ئەمەس يەنە شىنجاڭدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىش ئېھتىماللىقى بارلىقىنى تونۇپ يېتىپ(56)، ئىككى دۆلەت ئارىسىدا شەرتنامە ئىمزالاشقا رازى بولدى ھەمدە 1945 ـ يىلى 14 ـ ئاۋغۇست كۈنى موسكۋادا" سوۋېت ـ جۇڭگو دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى"نى رەسمى ئىمزالاندى. بۇ شەرتنامىگە ئائىت ئالماشتۇرۇلغان قوشۇمچە ھۆججەتلەردە گومىنداڭ تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بولسا، "شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر توغرىسىدا ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو ھۆكۈمىتى دوستلۇق ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسىنىڭ 5 ـ ماددىسىدا ئېيتىلغاندەك جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش نىيىتىمىز يوقلۇقىنى بىلدۈرىمىز" دەپ بىلدۈردى(58)

لېكىن شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ھېچقاچان رەسمى

رەۋىشتە ئۆزىنىڭ ئىلى ئىنقىلابىنى قوللىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ھەربىي جەھەتتىن ياردەم بەرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان ئەمەس. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلىدىكى بارلىق پائالىيەتلىرى مەخپىي رەۋىشتە ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋە خەلقارا جەمىيەتتىن سىر تۇتۇلغان بولغاچقا، ھەر قانداق بىر خەلقارالىق سورۇندا موسكۋا ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭلار بىلەن مۇناسىۋەتى يوقلىقىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن ئىدى. شۇڭا، ئىلى ئارمىيىسى " سوۋېت-جۇڭگو دوستلۇق ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى" ئىمزالىنىپ بولغاندىن كېيىنمۇ جىڭ ۋە شىخوغا قاراتقان ھۇجۇملىرىنى توختاتماي، تاكى مەزكۇر شەرتنامە ئىمزالىنىپ،ئۈچ ھەپتە ئۆتكىچە يەنى مىللىي ئارمىيە 9-ئاينىڭ6- ۋە 7-كۈنلىرى ئىلگىرى كېيىن جىڭ ھەم شىخونى ئازاد قىلىپ، ماناس دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلگەنگە قەدەر ھۇجۇملىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ ،پەقەت جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ مەيدانىغا چىقىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مىللىي ئىنقىلاپچىلار بىلەن ياراشتۇرۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. 11-سېنتەبىر كۈنى ئۈرۈمچىدىكى جۇڭگو دىپلوماتىيە ئەمەلدارى ئۈرۈمچىدىكى سوۋېت كونسۇلى يېۋسېيىپ بىلەن كۆرۈشۈپ، ياراشتۇرۇشنى تەلەپ قىلغاندىن كېيىن(59)، موسكۋا رەسمى تۈردە ئىككى تەرەپنى ياراشتۇرغۇچى سالاھىيتى بىلەن ئاشكارا مەيدانغا چۈشتى،(60) ئومۇمەن، ئىلى ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئارقىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۇرغانلىقىنى ئەينى ۋاقىتتا موسكۋا دائىرىلىرى ئېتىراپ قىلمىغان بىلەن ئەمما، ئامېرىكا، ئەنگىلىيە ھۆكۈمىتى جۈملىدىن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى. شۇڭا جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا دىپلوماتىيىلىك مەسىلە نۇقتىسىدىن قارىدى. جۇڭگو گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ نەزىرىدە سوۋېت ھۆكۈمىتىسىز ئىلى مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولمايتتى. ئىلى ئارمىيىسىنىڭ «سوۋېت-جۇڭگو دوستلۇق ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى» ئىمزالىنىپ بولغاندىن كېيىنمۇ جىڭ ۋە شىخوغا قاراتقان ھۇجۇملىرىنى توختاتمىغانلىقى شۇنىڭدەك ماناس دەرياسى بويىغا قىستاپ كېلىشى ھەمدە جەنۇبتا ئاقسۇ ئەتراپىدىكى ۋە تاشقورغان ئەتراپىدىكى جەڭلەرنىڭ داۋاملىشىۋېرىشى يەنىلا بىر تەرەپتىن موسكۋانىڭ ئۆزىنىڭ بۇ ئىنقىلاپ بىلەن مۇناسىۋەتى يوقلىقىنى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ئىسپاتلاپ بەرمەكچى بولغىنى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن موسكۋا ئارىسىدا شىنجاڭ مەسىلىسىنىڭ ئۇنچىۋالا ئاسان تۈگمەيدىغانلىقىنى، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ جايدا يەنىلا ئۆز تەسىرىنى ساقلايدىغانلىقىنى كۆرسىتىش بولسا كېرەك. ئومۇمەن، يالتا كېلىشىمدا ئالدىن بەلگىلەنگەن سوۋېت -جۇڭگو دوستلۇق شەرتنامىسىنىڭ تۈزۈلۈشىدىن كېيىن موسكۋا شىنجاڭ سىياسىي ئىستراتېگىيىسىنىڭ يېڭى باسقۇچىنى باشلاپ، مىللىي ئارمىيىنى ماناس دەرياسىدا بويىدا توختىتىپ قويۇپ، شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنى گومىنداڭ مەركىزى ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە قىستىدى. يالتا كېلىشىمدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن دوستلۇق شەرتنامىسى ئىمزالاش قارارى ئەمەلىيەتتە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نىڭمۇ

ئۇرۇش توختىتىپ، جۇڭگو مەركىزى ھۆكۈمىتى بىلەن بىتىم تۈزۈش ۋەقەسىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئاساس بولدى .
تىنچلىق بىتىم ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن تاكى-1949 يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ستالىن ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا نىسبەتەن يەنە باشقىچە ئىستراتېگىيە قوللانغان بولۇپ، موسكۋا گەرچە ئەلىخان تۆرىنى ئېلىپ كېتىپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەتنى مەيدانغا چىقارغان ھەمدە ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كېيىنكى رەھبەرلىرىنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دېگەن نامنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر قىلغان. سەيدۇللا سەيفۇللايېۋنىڭ بايان قىلىشىچە، بىتىمدىن كېيىن جۇمھۇرىيەت نامى ئەمەلدىن قېلىپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىلى ۋىلايىتى »، «شەرقىي تۈركىستان تارباغاتاي ۋىلايىتى»، ئالتاي ۋىلايىتى دېگەندەك ناملار ئىشلىتىلگەن. موسكۋا بەرى بىر ئازاد ئۈچ ۋىلايەتنىڭ يەنىلا بىر گەۋدە سۈپىتىدە مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى قوللىدى .ئەمما، موسكۋا يەنىلا ئۈچ ۋىلايەتكە بولغان كونتروللۇقنى قولدىن بەرمىگەن بولۇپ، سوۋېت رازۋېتكىسى مەخپىي رەۋىشتە پەقەت گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىن ئولجا ئالغان قوراللار بىلەن قوراللانغان مىللىي ئارمىينى ۋە ھۆكۈمەتنى داۋاملىق نازارەت قىلىپ تۇردى. ئەلىخان تورىگە مەسلىھەتچىلىق قىلغان 2-دوم باشلىقى گېنېرال ئېگناروپ تاكى 1949-يىلىنىڭ كۈز پەسلىگىچە قورغاستىكى سوۋېت رازۋېتكا ئورگىنىدا تۇرۇپ، ئىلىنىڭ ھەربىي -سىياسى ۋەزىيىتىنى كونترول قىلىپ تۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى.(61) ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئىلى ئىنقىلابچىلىرى خۇددى ئەلىخان تۆرە قاتارلىقلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ گومىنداڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ئارىسىدىكى دىپلوماتىك سورۇنلارنىڭ قۇربانى بولۇۋاتقانلىقىنى پەقەت ئەڭ ئاخىرقى پەيتلەردىلا سەزگىنىدەك ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرلىرىنىڭ ستالىن بىلەن لىئۇشاۋچى ئارىسىدىكى 1949-يىلى 7-8-ئايلاردىكى سۆھبەتلەردە بېكىتىلگەنلىكىنى سەزمەي قالغان ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئازادلىقنى ئەينى ۋاقىتتىكى دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رەھبىرى ستالىننىڭ قوللىشىسىز ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ دەپ قارىغان ھەمدە ئۇنىڭغا ئۈمىد باغلىغان كۆپلىگەن سىياسىي ئەربابلار ھەمدە ھەممىلا يەرگە ئېسىلىپ تۇرغان ئاي يۇلتۇزلۇق جۇمھۇرىيەت بايراقلىرى ۋە « شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئالغا» دېگەن خەتلەر يېزىلغان ھەربىي بايراقلارنى كۆتۈرگەن مىللىي ئارمىينىڭ مەۋجۇتلۇقىغا قاراپ ، يەنىلا ستالىندىن ئۈمىد كۈتكەن خەلق ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە موسكۋا سېھرىگەرلىرى تەرىپىدىن پىچىلىپ بولۇنغانلىقىنى ئوخشاشلا سەزمەي قالغان ئىدى. شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئاخىرقى تەقدىرىنى ئالللىقاچان بېكىتىپ بولغان بولۇپ، ستالىن 1949-يىلى 30-يانۋار كۈنى مىكويانىنى مەخپىي تۈردە جۇڭگو كوممۇنىستلىرى بىلەن جۇڭگودا كوممۇنىستلار ھاكىمىيەتكە

**چىققاندىن كېيىنكى ۋەزىيەت جۇملىدىن سوۋېت-جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرى ۋە باشقا بىر قاتار سىياسىي مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن ماۋزېدۇڭنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى شىبەيپوغا ئەۋەتتى. 8-فېۋرالغىچە بولغان 8 كۈنلۈك سۆھبەت جەريانىدا ئەلۋەتتە ، شىنجاڭ مەسىلىسىمۇ مۇزاكىرە قىلىندى. مىكويان ئۆزىنىڭ شىبەيپو زىيارىتى ھەققىدىكى ھېساۋات دوكلاتىدا مۇنداق دەپ يازغان؛**

**« ماۋزىدوڭنىڭ بىزنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان مەقسىتىمىزگە نىسبەتەن گۇمانى بولغان.ئۇ ، شىنجاڭنىڭ ئىلى ۋىلايىتىدە ئۇرۇمچى ھۆكۈمىتىگە بويسۇنمايدىغان مۇستەقىللىق ھەرىكىتى مەۋجۇت ۋە ئۇ يەردە كوممۇنىستلار پارتىيىسى مەۋجۇت-دېدى. ئۇ يەنە، 1945-يىلى چوڭچىڭدا باي چوڭشى بىلەن ئۇچراشقاندا ئىلى ۋىلايىتىدىكى يەرلىك قوزغىلاڭچىلار سوۋېت ئايروپىلانلىرى، تانكىلىرى ۋە زەمبىرەكلىرى بىلەن قوراللانغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن دېدى، مەن ئۇنىڭغا بىزنىڭ شىنجاڭ خەلقلىرىنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئارقىسىدا تۇرمايدىغانلىقىمىزنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنەشىنجاڭ زېمىنىگە نىسبەتەن ھېچقانداق زېمىن تەلىپىمىز يوقلىقىنى، بەلكى شىنجاڭنىڭ جۇڭگونىڭ تەركىبىگە كىرىشى لازىم دەپ ھېسابلايدىغانلىقىمىزنى قەتىي ھالدا بىلدۈردۈم».(62)**

**مىكويان يەنە ئۆزىنىڭ 1949-يىلى 4-فەۋرال كۈنى شىبەيپودىن ستالىنغا يوللىغان تېلېگراممىسىدا ماۋزېدۇڭغا سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ كەلگۈسىدىكى مىللىي سىياستى ھەققىدىكى تەكلىپلىرىنى يەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇ ، مۇنداق دەپ يازغان .**

**« مەن ماۋزېدۇڭغا بىزنىڭ مەركىزىي كومىتېتىمىزنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىغا مىللىي مەسىلىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ھەددىدىن زىيادە مۇستەقىللىق بەرمەسلىكنى شۇنىڭ بىلەن بىرگە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ھاكىمىيەتكە چىقىشىغا باغلىق جۇڭگو دۆلىتىنىڭ تېررىتورىيىسىنىڭ ئازلاپ كەتمەسلىكىنى ،ئاز سانلىق مىللەتلەرگە مۇستەقىللىق ئەمەس ، بەلكى ئاپتونومىيە بېرىشنى تەۋسىيە قىلىدىغانلىقىنى مەلۇم قىلدىم. ماۋزېدوڭ بۇ جاۋابقا خوش بولۇپ كەتتى. ئەمما، ئۇنىڭ چىرايىدىن ئۇنىڭ ھېچ كىمگە مۇستەقىللىق بەرمەيدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى”.(63)**

**مانا بۇ يالتا كېلىشىمى تۈزۈلگەن فېۋرال ئېيىدىن تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى فېۋرالدا ستالىننىڭ غۇلجىدىكى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق رەھبەرلەردىن ۋە موسكۋاغا ئىشەنگەن ساددا خەلقتىن خۇپىيانە تۇتۇلغان ،ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تەقدىرىگە ئائىت ئۈزۈل-كېسىل قارار بولۇپ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار ئەنە شۇ قارار ماۋزېدۇڭغا بىلدۈرۈلۈپ، تەخمىنەن سەككىز ئايلار ئۆتكەندىن كېيىن ستالىن باشلىق كرېمىل رەھبەرلىرى مەخسۇس تەمىنلىگەن ئايروپىلان بىلەن ئۇچۇپ (-بەلكى شۇنداقتۇ؟)سوۋېت ئىتتىپاقى تېررىتورىيىسىدىكى چىتا شەھىرى يېنىدا ھادىسىگە**

ئۆچرىدى .ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارنىڭ جەستى ستالىن بىلەن ماۋزېدۇڭ ئارىسىدا «سوۋېت ـ جۇڭگو دوستلۇق، ئۆزارا ھەمكارلىق شەرتنامىسى» تۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، ئەخمەتجان قاتارلىقلار غۇلجىدىن كېتىپ تەخمىنەن 6 ئايدىن كېيىن ماۋزېدۇڭ بىلەن بىرگە موسكۋادىكى دىپلوماتىيە سورۇنىغا ئىشتىراك قىلغان سەيفىددىن ئەزىز تەرىپىدىن غۇلجىغا ئېلىپ كېلىنىپ، سەيفىددىن، دېڭلىچۇن ۋە 1944 ـ يىلىدىكى غۇلجا قوزغىلىڭىغا باشتىن ئاخىرى قول تىققان، كېيىن ئەلىخان تۆرىنى ئېلىپ كېتىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان غۇلجىدىكى سوۋېت كونسۇل داباشىن قاتارلىق ئۈچ كىشىلىك ھەيئەتنىڭ رەھبەرلىكىدە دەپنە قىلىندى. مانا بۇ چوڭ شاھمات تاختىسىدىكى ئاجايىپ قىسمەتلەرنىڭ داۋامى ئىدى .